# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى

( ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى )

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

现代维吾尔文学语言正字词典/ 新疆维吾尔自治区民族语言文字工作委员会编. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8
ISBN 978-7-228-12817-4

Ⅰ.现… Ⅱ.新… Ⅲ.维吾尔语（中国少数民族语言）— 文学语言 — 正字法 — 词典 Ⅳ.H215.2-61

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第147858号

本著作系中华人民共和国教育部，国家语委民族语言文字规范标准与信息化建设资助课题研究成果（项目编号：MZ115-014）

## 现代维吾尔文学语言正字词典

（正字正音法）

编　　者　米尔苏里唐·乌斯曼诺夫，塔依尔·阿不都外力，阿布都哈帕尔·阿布都热合曼
买买提艾力·阿不都热依木，阿那古丽·阿布都热，艾尼瓦尔·艾合买提
责任编辑　拜合提亚尔·沙吾提，哈德尔·哈吾孜，艾尼瓦尔·哈斯木，夏克尔江·穆拉提
封面设计　王洋
封面题字　买买提·努比提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话　0991-2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230毫米 1/16
印　　张　61.25
版　　次　2009年9月第1版
印　　次　2009年9月第1次印刷
印　　数　3000册
定　　价　150.00 元

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى بىلەن ئىملا لۇغىتىنى قايتا تۈزۈش توغرىسىدا

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تارىختىن بۇيانقى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئالاقىلىشىش قورالى بولۇش رولىنى تولۇق ئۆتەپ، شۇ دەۋردىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ كەلدى. بۇ جەرياندا دەۋرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى بارا - بارا بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ باردى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرى خېلى يۇقىرى دەرىجىدە قېلىپلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ھەر دەرىجىلىك تىل - يېزىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى بىلەن تىل - يېزىق مۇتەخەسسىسلىرىمىز جاپالىق شارائىتلاردىمۇ كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلاملارغىچە بېرىپ، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچىلار، تەرجىمانلار، مۇھەررىرلەر ۋە كادىرلار ئاممىسىنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئالدى ۋە ئاممىنىڭ بەرگەن قىممەتلىك پىكىرلىرى ئاساسىدا تىلىمىزنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئالتە قېتىم ئىملا قائىدىسى ۋە بىر قېتىم تەلەپپۇز قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىزمىتى ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز مەسىلىلىرىگە بولغان تونۇش بارغانسىرى چوڭقۇرلاشتى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز مەسىلىلىرى ھەققىدىكى ئىجابىي پىكىر ھەم تەكلىپلەر داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى.

ئىملادا فونېتىكىلىق پرىنسىپنى ئاساس قىلىش، جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى، قارىمۇقارشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىر مىللىي تىلنىڭ ئېغىزچە شەكلى بىلەن يېزىق شەكلىنىڭ پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى خېلى زامانلارغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسلىرىنىڭ نەزەرىيەسى بويىچە فونېتىكىلىق پرىنسىپ ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلى ئىملاسىنىڭ قېلىپلىشىشى، مۇكەممەللىشىشى ۋە ئومۇملىشىش دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل بولماي كەلگەنىدى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا بولغان تەلىپى ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋرلەردىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىش ئىشى ۋۇجۇدقا كەلدى. كومپيۇتېر بىلەن بولىدىغان تىل تەتقىقاتى، تور قۇرۇلۇشى، ماشىنا تەرجىمىسى، كومپيۇتېر كوررېكتورلۇقى قاتارلىق خىزمەتلەر بىزدىن ئىلمىي، مۇكەممەل بىر ئىملا قائىدىسىنىڭ بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلدى.

فونېتىكىلىق پرىنسىپقا ئاساسلانغان ئىملا قائىدىسى يۇقىرىقى خىزمەتلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمىغاچقا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىرىشىپ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، 1984- ۋە 1996- يىللىرى تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىلىرىدە مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ پەيدىن - پەي ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىملا قائىدىمىزدە تەدرىجىي هالدا مۇكەممەللىك، ئىزچىللىق بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

تىلدىكى ئادەت كۈچى ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە توسالغۇ بولىدۇ. ئادەت كۈچى تەسىرىدىن ئايرىم كىشىلەر ئىملا قائىدىسىگە ئەمەل قىلماستىن، ئۆز ئادىتى ياكى دىيالېكت ۋە شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىملا ھەققىدە كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ئەھۋال بىر تىلنىڭ ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۈزۈكسىز ھەل قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا مەسىلىلىرى كۈنتەرتىپكە قويۇلۇپ، ئىشلىنىۋاتقاندىن بۇيان يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتى بىر قېتىمدىلا ھەل قىلىنماي، قەدەم باسقۇچلۇق هالدا بىر تەرەپ قىلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە ئىملا قائىدىسىگە قارىتا بولغان تونۇش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، بويسۇنۇش قارىشى تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىۋاتقان بولغاچقا، يېرىم ئەسىردىن بۇيان ھەر 7 — 8 يىلدا بىر قېتىم ئىملايىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ كېلىۋاتىمىز.

ھازىرقى دەۋر ئۇچۇر دەۋرى. ئۇچۇرچىلىقنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى تىل - يېزىققا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئۇنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە قېلىپلىشىشى ۋە ئۆلچەملىشىشىنى شەرت قىلماقتا. دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن ئاممىدىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىش ۋە قايتا - قايتا مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق 2002 - يىلى « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئىملا ۋە تەلەپپۇز سەۋىيەسىدىن سىناق ئېلىش پىروگراممىسى » نى تۈزۈپ چىققاندۇق ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئىملا ۋە تەلەپپۇز سەۋىيەسىدىن سىناق ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار » (ش ت ي [2002 ] 11 - نومۇرلۇق) چىقىرىپ، جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرى بويىچە تەربىيەلەش ۋە سىناق ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ... كېرەك » دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بۇ نۆۋەت بىز « پىروگراممىا » دا ھەل قىلىنغان ئىملا ۋە تەلەپپۇز مەسىلىلىرىنىڭ يەنىلا تولۇق بولمىغانلىقى، بەزى مەسىلىلەردە فونېتىكىلىق پرىنسىپ تەسىرىنىڭ يەنىلا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق ھەمدە دۆلەتلىك تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇزى تەتقىقاتى » نى دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرى قىلىپ بېكىتىشى بىلەن 2005 - يىلىدىن باشلاپ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتۇق. ئالدى بىلەن تەتقىقات تۈرى گۇرۇپپىسىدىكىلەر تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق يىغىپ، رەتلىگەندىن كېيىن ئۇرۇمچىدىكى تىلشۇناسلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى زىيالىيلارنى يىغىپ كۆپ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ پىكىر ئالدۇق. شۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن يىغىنغا قويغان مەسىلىلەرنى

قايتا ـ قايتا تۈزىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىگىچە بېرىپ، جايلاردىكى ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان، مۇھەررىر، مۇخبىر، دىكتور، رىياسەتچى، ئاۋاز ئارتىسلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالدۇق. جايلاردىن ئالغان پىكىرلەرگە ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى لايىھەلىرىمىزنى يەنە تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئۈرۈمچىدىكى تىلشۇناسلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى زىيالىيلارنىڭ قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىشىغا قويۇپ، بۇ قېتىمقى « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بىلەن تەلەپپۇز قائىدىسى » نى بېكىتتۇق. شۇنداقلا بۇ قائىدىگە ئاساسەن « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى » نى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇ لۇغەت يالغۇز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى توغرىلاش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى لېكسىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىمۇ يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

بىر تىلدىكى ئىملا مەسىلىسىنىڭ بىراقلا ئۇزۇل ـ كېسىل ۋە مەڭگۈلۈك ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. جانلىق تىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش يېزىق تىلىدىكى ئۆزگىرىشكە قارىغاندا تېز ھەم كۆرۈنەرلىك بولۇپ يېزىق تىلىغا بەزى تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ تۇرغاچقا، مەلۇم دەۋردە يېزىق تىلى ئۈچۈن بېكىتىلگەن ئىملا قائىدىسى يەنە بىر دەۋردىكى تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن يېزىق تىلىنىڭ جانلىق تىلغا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم دەۋردە تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسىنىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشى، ئۇزاققىچە ئۆزگەرتىلمەي قوللىنىلىشى تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا، بولۇپمۇ ئۈچۇر دەۋرىدە تىل ـ يېزىقنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز بۇ قېتىمقى « ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى » بىلەن « ئىملا لۇغىتى » نىڭ بىر مەزگىل تۇراقلىق بولۇشى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى كەسىپ ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى زىيالىيلارنىڭ كۆپلەپ ياردىمىگە ئېرىشتۇق ۋە نۇرغۇن ئىجابىي تەكلىپلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يولداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ قېتىمقى « ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى » بىلەن « ئىملا لۇغىتى » دە ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق بىرقەدەر ئىزچىللىق ساقلاندى. لېكىن ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى تەلتۆكۈس ھەل بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. يەنىلا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ « ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى » بىلەن « ئىملا لۇغىتى » نى پايدىلىنىش جەريانىدا سەزگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمىز.

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى

2008 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

# ئومۇمىي مۇندەرىجە


هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى بىلەن ئىملا لۇغىتىنى قايتا تۈزۈش توغرىسىدا ........ 1
ئومۇمىي مۇندەرىجە ........ 4
لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى ........ 5
هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ........ 8
هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى ........ 49
تېكىست مۇندەرىجىسى ........ 60
تېكىست ........ 1
ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار ........ 838
خەلقئارا تاۋۇش بەلگىلىرى ........ 859
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هەرپلەر بىلەن خەلقئارا تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........ 860
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرلىرى ........ 861
يۇلتۇزلار ۋە بۇرجلار ........ 865
يىگىرمە تۆت مەۋسۇم ........ 868
قەمەرىيە ۋە شەمسىيە كالېندارى بويىچە ئايلارنىڭ ناملىرى ........ 869
قىتئەلەر، مەملىكەتلەر، رايونلار ۋە ئۆلارنىڭ پايتەختلىرى، مەركەزلىرى ۋە پۇللىرى ........ 870
مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى سۇلالىلەر يىللىرىنىڭ مىلادىيە يىللىرى بىلەن سېلىشتۇرمىسى ........ 882
گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر ........ 884
ئۆلچەم بىرلىكلىرى ........ 887
غەربىي دىياردىكى قەدىمكى بەگلىكلەر ........ 893
ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ئەربابلار ........ 894
ئاتوم ئېغىرلىقى جەدۋىلى ........ 914
پايدىلانغان ماتېرىياللار........ 916

# لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى

1. لۇغەتكە ئېلىنغان بارلىق سۆزلەر ئالدى بىلەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ، 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغان « ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى » دىكى ھەرپ تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

2. لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تىزىلىش ئورنى ۋە خەت شەكلى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلدى.

3. لېكسىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپلەپ سۆز بىرىكمىلىرى بېرىلدى.

4. سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈملىرى كۆرسىتىلدى يەنى پېئىللار 〔پېئىل〕، ئۈندەش سۆزلەر 〔ئۈندەش〕، تەقلىد سۆزلەر 〔تەقلىد〕 دەپ كۆرسىتىلدى. ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش ۋە مىقدار سۆزلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۇرغۇن سۆز دەپ قارىلىپ 〔تۇرغۇن〕 دەپ كۆرسىتىلدى. باغلىغۇچىلار، ئۈلانمىلار ۋە سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ 〔ياردەمچى〕 دەپ كۆرسىتىلدى. ئارا تىرناق 〔〕 ئىچىگە بېرىلگەن سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خەت شەكلى سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈلدى. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| **ئال** ـ 〔پېئىل〕 | **ئاھ** 〔ئۈندەش〕 | **قاراس** 〔تەقلىد〕 |
| ئالماق | **تاغ** 〔تۇرغۇن〕 | **ئالتە** 〔تۇرغۇن〕 |
| ئېلىش | **ھېچكىم** 〔تۇرغۇن〕 | |

5. پېئىل يىلتىزلىرى ياكى ئۆزەكلىرىدىن كېيىن پېئىل بەلگىسى « ـ » قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىككى خىل ئىسىمداش شەكلى ئايرىم قۇردىن بېرىلدى. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| **بەر** ـ 〔پېئىل〕 | **تاشلا** ـ 〔پېئىل〕 | **تاراقلا** ـ 〔پېئىل〕 |
| بەرمەك | تاشلىماق | تاراقلىماق |
| بېرىش | تاشلاش | تاراقلاش |

6. پېئىللارنىڭ « ـش، ـىش، ـۇش، ـۈش » ۋە « ـماق، ـمەك » بىلەن ياسالغان ئىسىمداش شەكلىدىن پۈتۈنلەي تۇرغۇن سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەنلىرى ئايرىم سۆز ھېسابىدا ئېلىندى. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| **ئۆگىنىش** 〔تۇرغۇن〕 | **كۈرەش** 〔تۇرغۇن〕 | **چېلىش** 〔تۇرغۇن〕 |
| **چاقماق** 〔تۇرغۇن〕 | **تېپىشماق** 〔تۇرغۇن〕 | **ئىلمەك** 〔تۇرغۇن〕 |

7. تىلىمىزدا يالغۇز قوللىنىلماي، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ قوللىنىدىغان بەزى سۆزلەرگە سۆز تۈركۈمى بېرىلمەي، شۇ سۆز بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان بىرىكمە ئاستىنقى قۇرغا بېرىلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| **غەرق** | **قاڭغىر** |
| غەرق بولماق | قاڭغىر قاقشىماق |
| غەرق قىلماق | |

8. لۇغەتكە ئېلىنغان دىيالېكت ۋە قەدىمكى سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى بېرىلگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ دىيالېكت ياكى قەدىمكى سۆز ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن سۆز تۈركۈمىدىن كېيىن تىرناق ئىچىگە <دىيالېكت> ياكى <قەدىمكى> دەپ بېرىلدى. مەسىلەن:

**تىيەڭ** 〔تۈرغۇن〕 <دىيالېكت>　　　**تولارسۇق** 〔تۈرغۇن〕 <قەدىمكى>

9. ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئالدى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكىسى، ئاندىن دىيالېكت ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بېرىلدى. ئاھاڭداش سۆزلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ سۆزلەرنىڭ سول تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىكىگە ئەرەب رەقىمى قويۇلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| **تاپ**[1] 〔تۈرغۇن〕 | **كۆك**[1] 〔تۈرغۇن〕 |
| **تاپ**[2] 〔تۈرغۇن〕 | **كۆك**[2] 〔تۈرغۇن〕 |
| **تاپ**[3] 〔تۈرغۇن〕 | **كۆك**[3] 〔تۈرغۇن〕 |
| **تاپ**[4] 〔تۈرغۇن〕 | **كۆك**[4] 〔تۈرغۇن〕 |
| **تاپ**[5] 〔تۈرغۇن〕 <قەدىمكى> | **كۆك**[5] 〔تۈرغۇن〕 |
| **تاپ**[6] 〔تۈرغۇن〕 <قەدىمكى> | **كۆك**[6] 〔تۈرغۇن〕 <دىيالېكت> |
| | **كۆك**[7] 〔تۈرغۇن〕 <قەدىمكى> |

10. ئوخشاش مەنىلىك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بۇندىن كېيىن قېلىپلاشتۇرۇلۇش زۆرۈر دەپ قارالغانلىرى ئاساس قىلىپ ئېلىندى. ئۇلار بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆزلەر ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاساسلىقىغا قارىتىلىپ، « = » بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| **ئابدىمىلىك** = ئىنەكپىتى | **ئابىكەۋسەر** = كەۋسەر سۇيى |
| **ئىنەكپىتى** 〔تۈرغۇن〕 | **كەۋسەر** 〔تۈرغۇن〕 |
| **ئالۋۇي** 〔تۈرغۇن〕 | كەۋسەر سۇيى |
| **سەبرە** = ئالۋۇي | **ئەدەپسىز** 〔تۈرغۇن〕 |
| | **بىئەدەپ** = ئەدەپسىز |

11. بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى « ئا، ئە » سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ « ئې، ئى » غا نۆۋەتلەشمەسلىكى؛ يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىدە مەلۇم تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى شۇ سۆزدىن كېيىن تىرناق « ( ) » ئىچىدە پەرقلىق خەت شەكلى بىلەن ئېنىق كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| **ئارام** (ئارامى) [تۈرغۈن] | **ئەزا** (ئەزاسى) [تۈرغۈن] |
| **ئارمىيە** (ئارمىيەسى) [تۈرغۈن] | **سەۋىيە** (سەۋىيەسى) [تۈرغۈن] |
| **كۆڭۈل** (كۆڭلى) [تۈرغۈن] | **ئوغۇل** (ئوغلى) [تۈرغۈن] |
| **پولۇ** (پولۇيۇم، پولۇيۇڭ، پولۇسى) [تۈرغۈن] | **ماتا** (ماتايىم، ماتايىڭ، ماتاسى) [تۈرغۈن] |

12. چەت تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ئىلگىرىكى لۇغەتلەردە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقىچە ئېلىنىپ قالغانلىرى بۇ قېتىمقى يېڭى ئىملادا ئاممىنىڭ تىل ئادىتىگە يېقىنلاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئىبارەت.

| توغرىلاپ بېكىتىلگىنى | ئىلگىرىكىسى |
|---|---|
| ئايرودۇرۇم | ئايرودروم |
| ئارگىنال | ئورىگىنال |
| باكلاۋۇر | باكالاۋر |
| دىنازاۋۇر | دىنوزاۋر |
| كوردىنات | كوئوردىنات |
| پسىخولوگىيە | پسىخولوگىيە |
| رامىزان | رامزان |
| پىرئەۋن | پىرئون |
| رەسۇل | رۇسۇل |
| رەسۇلىللا | رۇسۇلىللا |

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى

ئىملا قائىدىسى توغرا يېزىش قائىدىسى دېگەن سۆز بولۇپ، مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەم شۇ تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ توغرا يېزىشنى تەمىن ئېتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىملادا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسىدۇر.

ئىملا قائىدىسى مەلۇم بىر يېزىقنى قوللىنىدىغان مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، ئاخبارات، نەشرىيات ۋە ئۇچۇر ئىشلىرىدا شۇ مىللەت ئەدەبىي تىلىنىڭ توغرا قوللىنىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئۆز نۆۋىتىدە تىلنىڭ قېلىپلىشىپ، تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم قورالدۇر.

ئىملا قائىدىسى تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ئۇ يېزىق تىلى بىلەن جانلىق تىل ئوتتۇرىسىدا نازارەتچىلىك رولىنى ئويناپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى كىچىكلىتىدۇ. بىر مىللەت تىلىدا جامائەتچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئىملا قائىدىسى بولمىغان ئەھۋالدا، بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىلنىڭ بولۇشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىر تىلدا ئىملا قائىدىسىنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ تىلنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلەرگە بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ۋە دىيالېكت، شېۋىلەر بىلەن ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەدرىجىي ئازايتىشقا ئاساس بولىدۇ.

## I ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 تاۋۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 30 ى فونېما ھېسابلىنىدۇ. « ژ » بىلەن « ف » تاۋۇشلىرى فونېما ھېسابلانمايدۇ. تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەر مۇشۇ 32 تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇلاردىن:

**سوزۇق تاۋۇشلار سەككىز:** ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە تىلىمىزدىكى رولىغا قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ:

**تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار:** ئە، ئۆ، ئۈ

**تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار:** ئا، ئو، ئۇ

**ئارا سوزۇق تاۋۇشلار:** ئې، ئى

سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتىگە قاراپ، لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

**لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار:** ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ

**لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار:** ئا، ئە، ئې، ئى

ئۈزۈك تاۋۇشلار 24 بولۇپ، ئۇلار: ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي

ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ـ تىترىمەسلىكىگە قاراپ، جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

**جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار:** ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ي

**جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار:** پ، ت، چ، خ، س، ش، ف، ق، ك

# II سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

## 1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىملادا ئىپادىلىنىشى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى — يىلتىز ياكى ئۆزەكتىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىدۇر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئاساسەن تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىققا قارىتىلغان. ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان سۆزلەر بۇ قائىدىگە تامامەن بويسۇنىدۇ. ئەمما چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بۇ قائىدىگە دىگەندەك بويسۇنۇپ كەتمەيدۇ.

بىز تۆۋەندە سۆز يىلتىزى ياكى سۆز ئۆزىكىگە قوشۇمچە (ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچە) قوشۇلغاندىكى ئاھاڭداشلىق ئۈستىدە توختىلىمىز.

### 1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى

تۈرغۈن سۆز (پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە پېئىللارغا قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇشىغا قاراپ، قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ.

A تۈرغۈن سۆزلەردە:

**① تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن تۈرغۈن سۆزلەردە:**

**بىر بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەردە:**

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە كېلىش قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك قوشۇمچىسى، تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرى قوشۇمچىسى « ـڭ، ـىڭ، ـئۇڭ » ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى قوشۇمچىسى « ـڭىز، ـىڭىز، ـئۇڭىز» دىن كېيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئۆزەكتىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

باغ — باغدا، باغقا، باغلار، بېغىڭ، بېغىڭلار، بېغىڭىز، بېغىڭىزلار
قوي — قويدا، قويغا، قويلار، قويۇڭ، قويۇڭلار، قويۇڭىز، قويۇڭىزلار

**كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەردە:**

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە كېلىش قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك قوشۇمچىسى، تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرى قوشۇمچىسى « ـڭ، ـىڭ، ـئۇڭ » ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى قوشۇمچىسى « ـڭىز، ـىڭىز، ـئۇڭىز» دىن كېيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئالدىنقى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۆز ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

دەزمال — دەزمالدا، دەزمالغا، دەزماللار، دەزمىلىڭ، دەزمىلىڭلار، دەزمىلىڭىز، دەزمىلىڭىزلار
پەيتون — پەيتوندا، پەيتونغا، پەيتونلار، پەيتونۇڭ، پەيتونۇڭلار، پەيتونۇڭىز، پەيتونۇڭىزلار

**② تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن تۈرغۈن سۆزلەردە:**

**بىر بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەردە:**

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە كېلىش قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك قوشۇمچىسى، تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرى قوشۇمچىسى « -ڭ، -ىڭ، -ئۇڭ » ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى قوشۇمچىسى « -ڭىز، -ىڭىز » دىن كېيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئۆزەكتىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

بەت ـــ بەتتە، بەتكە، بەتلەر، بېتىڭ، بېتىڭلەر، بېتىڭىز، بېتىڭىزلەر
گۈل ـــ گۈلدە، گۈلگە، گۈللەر، گۈلۈڭ، گۈلۈڭلەر، گۈلىڭىز، گۈلىڭىزلەر
يۈك ـــ يۈكتە، يۈككە، يۈكلەر، يۈكۈڭ، يۈكۈڭلەر، يۈكىڭىز، يۈكىڭىزلەر
سۈت ـــ سۈتتە، سۈتكە، سۈتلەر، سۈتۈڭ، سۈتۈڭلەر، سۈتىڭىز، سۈتىڭىزلەر

**كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەردە:**

ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە كېلىش قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك قوشۇمچىسى، تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرى قوشۇمچىسى « -ڭ، -ىڭ، -ئۇڭ » ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى قوشۇمچىسى « -ڭىز، -ىڭىز » دىن كېيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئالدىنقى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئورەك ـــ ئورەكتە، ئورەككە، ئورەكلەر، ئورىكىڭ، ئورىكىڭلەر، ئورىكىڭىز، ئورىكىڭىزلەر
لۇغەت ـــ لۇغەتتە، لۇغەتكە، لۇغەتلەر، لۇغىتىڭ، لۇغىتىڭلەر، لۇغىتىڭىز، لۇغىتىڭىزلەر
پىچەت ـــ پىچەتتە، پىچەتكە، پىچەتلەر، پىچىتىڭ، پىچىتىڭلەر، پىچىتىڭىز، پىچىتىڭىزلەر
ئەتىرگۈل ـــ ئەتىرگۈلدە، ئەتىرگۈلگە، ئەتىرگۈللەر، ئەتىرگۈلۈڭ، ئەتىرگۈلۈڭلەر، ئەتىرگۈلىڭىز، ئەتىرگۈلىڭىزلەر

B پېئىللاردا:

① **تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللاردا:**

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا بۇيرۇق - تەلەپ رايى، خالاش رايى، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى ۋە شەرت رايى قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، يىلتىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

باق - بېقىڭ، بېقىڭلار؛ بېقىڭىز، بېقىڭىزلار؛ باقتىڭ، باقتىڭلار؛ باقتىڭىز، باقتىڭىزلار؛ باقسىلا؛ باققاي، باققايلا؛ باقساڭ، باقساڭلار؛ باقسىڭىز، باقسىڭىزلار، ......

يات - يېتىڭ، يېتىڭلار، يېتىڭىز، يېتىڭىزلار؛ ياتتىڭ، ياتتىڭلار؛ ياتتىڭىز، ياتتىڭىزلار؛ ياتسىلا؛ ياتقايلا؛ ياتساڭ، ياتساڭلار؛ ياتسىڭىز، ياتسىڭىزلار، ......

ساقلا- ساقلاڭ، ساقلاڭلار؛ ساقلىڭىز، ساقلىڭىزلار؛ ساقلىدىڭ، ساقلىدىڭلار؛ ساقلىدىڭىز، ساقلىدىڭىزلار؛ ساقلىسىلا؛ ساقلىغاي، ساقلىغايلا؛ ساقلىساڭ، ساقلىساڭلار؛ ساقلىسىڭىز، ساقلىسىڭىزلار، ......

ئوڭلا- ئوڭلاڭ، ئوڭلاڭلار؛ ئوڭلىدىڭ، ئوڭلىدىڭلار؛ ئوڭلىدىڭىز، ئوڭلىدىڭىزلار؛ ئوڭلىسىلا؛ ئوڭلىغاي،

ئوڭلىغايلا؛ ئوڭلىساڭ، ئوڭلىساڭلار، ئوڭلىسىڭىز، ئوڭلىسىڭىزلار، ......

**② تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللاردا:**

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللار ۋە ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى، خالاش رايى، شەرت رايى، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى بىرىنچى شەخس كۆپلۈك تۈرى ( مەسىلەن: ئەت ـ ئەتتۇق ‹ئەتتۈك ئەمەس›، كەل ـ كەلدۇق ‹كەلدۈك ئەمەس›، كۆزەت ـ كۆزەتتۇق ‹كۆزەتتۈك ئەمەس›، ...) بىلەن بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى ئۈچىنچى شەخس ( مەسىلەن: ئەت ـ ئەتسۇن ‹ئەتسۈن ئەمەس›، كەل ـ كەلسۇن ‹كەلسۈن ئەمەس›، كۆزەت ـ كۆزەتسۇن ‹كۆزەتسۈن ئەمەس›، ...) تىن باشقىلىرىدا، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەت ـ ئېتىڭ، ئېتىڭلەر؛ ئېتىڭىز، ئېتىڭىزلەر؛ ئەتتىڭ، ئەتتىڭلەر؛ ئەتتىڭىز، ئەتتىڭىزلەر؛ ئەتتۇق؛ ئەتسىلە؛ ئەتكەيلە؛ ئەتسۇن؛ ئەتسەڭ، ئەتسەڭلەر؛ ئەتسىڭىز، ئەتسىڭىزلەر، ......

كۈل ـ كۈلۈڭ، كۈلۈڭلەر؛ كۈلىڭىز، كۈلىڭىزلەر؛ كۈلدۈڭ، كۈلدۈڭلەر؛ كۈلدىڭىز، كۈلدىڭىزلەر؛ كۈلدۇق؛ كۈلسىلە؛ كۈلگەيلە؛ كۈلسۇن؛ كۈلسەڭ، كۈلسەڭلەر؛ كۈلسىڭىز، كۈلسىڭىزلەر، ......

ئىشلە ـ ئىشلەڭ، ئىشلەڭلەر؛ ئىشلىڭىز، ئىشلىڭىزلەر؛ ئىشلىدىڭ، ئىشلىدىڭلەر؛ ئىشلىدىڭىز، ئىشلىدىڭىزلەر؛ ئىشلىدۇق؛ ئىشلىسىلە؛ ئىشلىگەي، ئىشلىگەيلە؛ ئىشلىسۇن؛ ئىشلىسەڭ، ئىشلىسەڭلەر؛ ئىشلىسىڭىز، ئىشلىسىڭىزلەر،......

يۆكلە ـ يۆكلەڭ، يۆكلەڭلەر؛ يۆكلىڭىز، يۆكلىڭىزلەر؛ يۆكلىدىڭ، يۆكلىدىڭلەر؛ يۆكلىدىڭىز، يۆكلىدىڭىزلەر؛ يۆكلىدۇق؛ يۆكلىسىلە؛ يۆكلىگەي، يۆكلىگەيلە؛ يۆكلىسۇن؛ يۆكلىسەڭ، يۆكلىسەڭلەر، يۆكلىسىڭىز، يۆكلىسىڭىزلەر،......

**ئەسكەرتىش:** تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللار ۋە ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى، خالاش رايى، شەرت رايى، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۈچۈن « ـڭلەر، ـىڭلەر، ـۇڭلەر »، سىپايە تۈرىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۈچۈن « ـڭىزلەر، ـىڭىزلەر » ۋە خالاش رايى ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۈچۈن « ـكەي/گەي + لە = كەيلە/گەيلە » قوللىنىلىپ، يىلتىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ.

**2) ئارا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى**

ئارا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە قوشۇلىدۇ:

① بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە « خ، غ، ق » تاۋۇشلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى « ئې »، « ئى » تاۋۇشلىرى تىل ئارقىغا مايىل بولغانلىقتىن، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

خىش ـــ خىشتا، خىشقا، خىشلار، خىشلىق،......

بىخ ـــ بىختا، بىخقا، بىخلار، ........

خىزىر ـــ خىزىردا، خىزىرغا، خىزىرلىق،......

پىخسىق — پىخسىقتا، پىخسىققا، پىخسىقلىق،......

خىل — خىللا، خىلغا، خىلدا، خىللىق، ...

تىغ — تىغدا، تىغقا، تىغلىق، ......
قىغ — قىغدا، قىغقا، قىغلار، قىغلىق، ......

زىغىر — زىغىردا، زىغىرغا، زىغىرلار، زىغىرلىق، .......
چىغرىق — چىغرىقتا، چىغرىققا، چىغرىقلار، چىغرىقلىق، ......

غىرىچ — غىرىچلا، غىرىچقا، غىرىچتا، غىرىچلىق، ......

قىر — قىردا، قىرغا، قىرلار، قىرلىق،......
قىش — قىشتا، قىشقا، قىشلىق، ......

قىلىچ — قىلىچتا، قىلىچقا، قىلىچلار، قىلىچلىق، ......
ئىسسىق — ئىسسىقتا، ئىسسىققا، ئىسسىقلىق، ......

قىس - قىستۇر، قىسقان، قىسسا، قىسسۇن، قىسىڭلار، ......
قىل - قىلدۇر، قىلغان، قىلسا، قىلسۇن، قىلىڭلار، ......

② بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى «ئې»، «ئى» تاۋۇشلىرى ئاساسەن تىل ئالدىغا مايىل بولغانلىقتىن، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

كىر — كىرگە، كىرلەر، كىرلىك، ......
كىم — كىمدە، كىمگە، كىملەر، كىملىك، ......

كېيىم — كېيىمدە، كېيىمگە، كېيىملەر، كېيىملىك، ......
كىرپىك — كىرپىكتە، كىرپىككە، كىرپىكلەر، كىرپىكلىك، ......

كىي - كىيدۈر، كىيگەن، كىيسە، كىيسۇن، كىيىڭلەر، ......
كىچىكلە- كىچىكلىگەن، كىچىكلىسە، كىچىكلىسۇن، كىچىكلەڭ، ......
ئېگىر — ئېگىردە، ئېگىرگە، ئېگىرلەر، ئېگىرلىك، ......
ئېگىز — ئېگىزدە، ئېگىزگە، ئېگىزلىك، ......

ئېگىزلە- ئېگىزلىگەن، ئېگىزلىسە، ئېگىزلەڭ، ئېگىزلەڭلەر، ......

ئەسكەرتىش: تەركىبىدە «ك، گ» ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بولغان بىر قىسىم چەتتىن كىرگەن سۆزلەر يۇقىرىدىكى قائىدىلەرگە بويسۇنمايدۇ. ئۇلارغا قوشۇمچە قوشۇش توغرا كەلگەندە، تىل ئارقا ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

كىلۋىن — كىلۋىنلىق

كېدىر — كېدىرلىق
گىپىس — گىپىستا، گىپىسقا، گىپىسلىق، ......
گېرتىس — گېرتىسلىق

③ تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە « ك، گ » ئۇزۇك تاۋۇشلىرى بولمىسىمۇ، بۇ سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇلاردىكى « ئې، ئى » سوزۇق تاۋۇشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشقا مايىل بولغاچقا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز — بىزدە، بىزگە، بىزلەر، ......
سىز — سىزدە، سىزگە، سىزلەر، ......
بىر — بىردە، بىرگە، بىرلەر، ......
ھىم — ھىملىمەك
تېز — تېزلىك، تېزلەشمەك، ......

بىل ـ بىلدۈر، بىلگەن، بىلسە، بىلگىلى، بىلىڭلەر، ......
مىن ـ مىندۈر، مىنگەن، مىنسە، مىنگىلى، مىنىڭلەر، ......
سىڭ ـ سىڭدۈر، سىڭگەن، سىڭسە، سىڭگىلى، ......
ئىچ ـ ئىچكۈز، ئىچكەن، ئىچسە، ئىچكىلى، ئىچىڭلەر، ......

ئىلىم — ئىلىمدە، ئىلىمگە، ئىلىملەر، ئىلىملىك، ......
بىلىم — بىلىمدە، بىلىمگە، بىلىملەر، بىلىملىك، ......
جىددىي — جىددىيلەشمەك، جىددىيلىك
ئىسپىي — ئىسپىيلەشتۈرۈش، ئىسپىيلىك

ئۆتۈر ـ ئۆتۈردى، ئۆتۈرگەن، ئۆتۈرسۇن، ئۆتۈرت، ئۆتۈرتكەن، ئۆتۈرتسە، ئۆتۈرتسۇن، ئۆتۈرتكىلى، ئۆتۈرتىڭلەر، ......
يىمىر ـ يىمىرگۈز، يىمىرگەن، يىمىرسە، يىمىرسۇن، يىمىرگىلى، يىمىرىڭلەر، ....
ئىنتىل ـ ئىنتىلدۈر، ئىنتىلگەن، ئىنتىلسە، ئىنتىلسۇن، ئىنتىلىڭلەر، ......
چىرىر ـ چىرىردى، چىرىرگەن، چىرىرسۇن، چىرىرت، چىرىرتكەن، چىرىرتسە، چىرىرتسۇن، چىرىرتكىلى، چىرىرتىڭلەر، ......

بېھى — بېھىدە، بېھىگە، بېھىلەر، بېھىلىك، ......
سېھىر — سېھىردە، سېھىرگە، سېھىرلىك

ئېڭىش ـ ئېڭىشتۈر، ئېڭىشكەن، ئېڭىشسە، ئېڭىشسۇن، ئېڭىشىڭلەر، ......

④ سوزۇق تاۋۇش « ئى » بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق « چىش، ئىز، ئىش » سۆزلىرى ئەگەر ئىسىم ھالىتىدە گىراماتىكىلىق تۈرلىنىشكە كىرسە، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەردىن پېئىل ياسىلىپ، پېئىل ھالىتىدە تۈرلەنسە، ئۇ ھالدا قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:
ئىسىم ھالىتىدە:

چىش — چىشتا، چىشقا، چىشلار، چىشلىق، ......
**پېئىل ھالىتىدە:**
چىشلە- چىشلىگەن، چىشلىسە، چىشلىسۇن، چىشلىدۇق، چىشلەڭ، چىشلەڭلەر، چىشلىگەي، چىشلىگىلى......
**ئىسىم ھالىتىدە:**
ئىز — ئىزدا، ئىزغا، ئىزلار، ......
**پېئىل ھالىتىدە:**
ئىزلە- ئىزلىگەن، ئىزلىسە، ئىزلىسۇن، ئىزلىدۇق، ئىزلەڭ، ئىزلەڭلەر، ئىزلىگەي، ئىزلىگىلى، ...
**ئىسىم ھالىتىدە:**
ئىش — ئىشتا، ئىشقا، ئىشلار، ......
**پېئىل ھالىتىدە:**
ئىشلە- ئىشلىگەن، ئىشلىسە، ئىشلىسۇن، ئىشلىدۇق، ئىشلەڭ، ئىشلەڭلەر، ئىشلىگەي، ئىشلىگىلى،..

⑤ «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى بىر بوغۇملۇق پېئىللار تۈرلەنگەندە ياكى ئۇلاردىن ئىسىم ياسالغاندا، ئەھۋال باشقىچىرەك بولۇپ، بۇ پېئىللاردىن ياسالغان سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىل - ئىلمەك (ئىسىم)، ئىلماق (پېئىل)، ئىلغۇر، ئىلغان، ئىلسا، ......
تىز- تىزىق (ئىسىم)، تىزىم، تىزىملىك (ئىسىم)، تىزماق (پېئىل)، تىزغان، تىزسا، ......

⑥ ئاخىرقى بوغۇمىدا ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئې، ئى» بولغان كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر ئارا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇشىغا قاراپ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئانسامبىل — ئانسامبىلدا، ئانسامبىلغا، ئانسامبىللىق؛ ئانسامبىلىڭ، ئانسامبىلىڭلار؛ ئانسامبىلىڭىز، ئانسامبىلىڭىزلار، ......
سەلبىي — سەلبىيلىك، سەلبىيلەشمەك، ......
تەقدىر — تەقدىردە، تەقدىرگە، ... ؛ تەقدىرلە-، تەقدىرلەر، تەقدىرىڭ، تەقدىرىڭلەر، تەقدىرىڭىز، تەقدىرىڭىزلەر، .......
قەبىھ — قەبىھلىك، قەبىھلەشمەك، ......
مۇئەللىم — مۇئەللىمدە، مۇئەللىمگە، مۇئەللىملەر، مۇئەللىملىك؛ مۇئەللىمىڭ، مۇئەللىمىڭلەر، مۇئەللىمىڭىز، مۇئەللىمىڭىزلەر، ......
سۇلھى — سۇلھىدە، سۇلھىگە، سۇلھىلەر، سۇلھىلىك؛ سۇلھىڭ، سۇلھىڭلەر، سۇلھىڭىز، سۇلھىڭىزلەر، ......
ئىسسى - ئىسسىق، ئىسسىقلىق؛ ئىسسىڭ، ئىسسىڭلار؛ ئىسسىدىڭ، ئىسسىدىڭلار، ئىسسىدىڭىز؛ ئىسسىدىڭىزلار؛ ئىسسىسۇن؛ ئىسسىدۇق؛ ئىسسىسىلا؛ ئىسسىغاي، ئىسسىغايلا؛ ئىسسىساڭ، ئىسسىساڭلار، ئىسسىسىڭىز، ئىسسىسىڭىزلار،..
قىدىر- قىدىرىڭ، قىدىرىڭلار؛ قىدىرىڭىز، قىدىرىڭىزلار؛ قىدىردىڭ، قىدىردىڭلار؛ قىدىردىڭىز، قىدىردىڭىزلار؛ قىدىرسۇن؛ قىدىردۇق؛ قىدىرسىلا؛ قىدىرغاي، قىدىرغايلا؛ قىدىرساڭ، قىدىرساڭلار؛ قىدىرسىڭىز، قىدىرسىڭىزلار، ......
سىلجى - سىلجىڭ، سىلجىڭلار؛ سىلجىڭىز، سىلجىڭىزلار؛ سىلجىدىڭ، سىلجىدىڭلار؛ سىلجىدىڭىز،

سىلجىدىڭىزلار؛ سىلجىسۇن؛ سىلجىدۇق؛ سىلجىسىلا؛ سىلجىغاي، سىلجىغايلا؛ سىلجىساڭ، سىلجىساڭلار؛ سىلجىسىڭىز، سىلجىسىڭىزلار، ......

بېكىت ـ بېكىتىڭ، بېكىتىڭلەر؛ بېكىتىڭىز، بېكىتىڭىزلەر؛ بېكىتتىڭ، بېكىتتىڭلەر؛ بېكىتتىڭىز، بېكىتتىڭىزلەر؛ بېكىتسۇن؛ بېكىتتۇق؛ بېكىتسىلە؛ بېكىتكەي، بېكىتكەيلە؛ بېكىتسەڭ، بېكىتسەڭلەر؛ بېكىتسىڭىز، بېكىتسىڭىزلەر،......

ئىنتىل ـ ئىنتىلمە؛ ئىنتىلىڭ، ئىنتىلىڭلەر؛ ئىنتىلىڭىز، ئىنتىلىڭىزلەر؛ ئىنتىلدىڭ، ئىنتىلدىڭلەر؛ ئىنتىلدىڭىز، ئىنتىلدىڭىزلەر؛ ئىنتىلسۇن؛ ئىنتىلدۇق؛ ئىنتىلسىلە؛ ئىنتىلگەي، ئىنتىلگەيلە؛ ئىنتىلسەڭ، ئىنتىلسەڭلەر؛ ئىنتىلسىڭىز، ئىنتىلسىڭىزلەر،......

ئېچىش ـ ئېچىشىڭ، ئېچىشىڭلەر؛ ئېچىشىڭىز، ئېچىشىڭىزلەر؛ ئېچىشتىڭ، ئېچىشتىڭلەر؛ ئېچىشتىڭىز، ئېچىشتىڭىزلەر؛ ئېچىشسۇن؛ ئېچىشتۇق؛ ئېچىشسىلە؛ ئېچىشكەي، ئېچىشكەيلە؛ ئېچىشسەڭ، ئېچىشسەڭلەر؛ ئېچىشسىڭىز، ئېچىشسىڭىزلەر، ......

⑦ تەركىبىدە ئارا سوزۇق تاۋۇش بولغان تۆرت بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا « ق، غ » تاۋۇشلىرى كەلسە، « ـلىق، ـلىك » قوشۇمچىلىرىنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى بولغان « ـلىق » شەكلى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھەقىقىي + لىق = ھەقىقىيلىق
مۇستەقىل + لىق = مۇستەقىللىق
ئەقىل + لىق = ئەقىللىق
مەنتىق + لىق = مەنتىقلىق

⑧ تەركىبىدە ئارا سوزۇق تاۋۇش بولغان، « غ، ق » بىلەن تۈزۈلگەن پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىرغى ـ ئىرغىغان، ئىرغىسا، ئىرغىسۇن، ئىرغىدۇق، ئىرغىڭ، ئىرغىڭلار، ئىرغىڭىز، ئىرغىڭىزلار، ئىرغىغاي، ئىرغىغايلا، ئىرغىدىڭ، ئىرغىدىڭلار، ......

سىرغى ـ سىرغىغان، سىرغىسا، سىرغىسۇن، سىرغىدۇق، سىرغىڭ، سىرغىڭلار، سىرغىڭىز، سىرغىڭىزلار، سىرغىغاي، سىرغىغايلا، سىرغىدىڭ، سىرغىدىڭلار، ......

يىقىل ـ يىقىلغان، يىقىلسا، يىقىلسۇن، يىقىلدۇق، يىقىلىڭ، يىقىلىڭلار؛ يىقىلىڭىز، يىقىلىڭىزلار؛ يىقىلغاي، يىقىلغايلا، يىقىلدىڭ، يىقىلدىڭلار، ...

مىشقىر ـ مىشقىرغان، مىشقىرسا، مىشقىرسۇن، مىشقىردۇق، مىشقىرىڭ، مىشقىرىڭلار، مىشقىرىڭىز، مىشقىرىڭىزلار، مىشقىرغاي، مىشقىرغايلا، مىشقىردىڭ، مىشقىردىڭلار،......

⑨ باش بوغۇمىدىكى « ئا » ياكى « ئە » تاۋۇشلىرى تىل تەرەققىياتى جەريانىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، « ئې » غا نۆۋەتلىشىش نەتىجىسىدە، تارىخىي جەھەتتىن تۇراقلىشىپ كەتكەن سۆزلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئاساس قىلىنىپ (ئەسلىي سۆزنىڭ باش بوغۇمى « ئا » ياكى « ئە » بولغانلىقىغا قاراپ) تۇرۇپ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا ياكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سېسىق (سارسىق) ـــ سېسىقتا، سېسىققا، سېسىقلىق، ......
يېقىن (ياقىن) ـــ يېقىندا، يېقىنغا، يېقىنلىق، ......
قېلىن (قالىن) ـــ قېلىنلىق، ......
ئېغىر (ئاغىر) ـــ ئېغىرلىق، ......
بېلىق (بالىق) ـــ بېلىقتا، بېلىققا، بېلىقلار، ......

قېنىق (قانىق) — قېنىقلىق، ...
ئېنىق (ئانىق) — ئېنىقلىق، ......
سېرىق (سارىغ) — سېرىقتا، سېرىققا، سېرىقلىق، ......
ئېتىز (ئاتىز) — ئېتىزدا، ئېتىزغا، ئېتىزلار، ئېتىزلىق، .......
سېغىز (ساغىز) — سېغىزدا، سېغىزغا، سېغىزلار، .......
ھېكىم (ھەكىم) — ھېكىمدە، ھېكىمگە، ھېكىملەر، ھېكىملىك، ......
كېپىش (كەپىش) — كېپىشتە، كېپىشكە، كېپىشلەر، كېپىشلىك، ......
شېھىت (شەھىت) — شېھىتلەر، شېھىتلىك، ......
يېمىش (يەمىش) — يېمىشتە، يېمىشكە، يېمىشلەر، يېمىشلىك، ......

ئەمما، « پېقىر، تېۋىپ، دېڭىز، خېمىر، زېمىن، سېمىز، مېيىپ، ئېجىل، يېلىم » قاتارلىق سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى « ئە » تاۋۇشى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا « ئې » غا ئايلانغان بولسىمۇ، ھازىرقى ئىستېمالىمىزدا بۇ سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

پېقىر — پېقىردا، پېقىرغا، پېقىرلىق، ......
تېۋىپ — تېۋىپتا، تېۋىپقا، تېۋىپلار، تېۋىپلىق، ......
دېڭىز — دېڭىزدا، دېڭىزغا، دېڭىزلار، ......
خېمىر — خېمىردا، خېمىرغا، خېمىرلار، خېمىرلىق، ......
زېمىن — زېمىندا، زېمىنغا، زېمىنلار، زېمىنلىق، ......
سېمىز — سېمىزدا، سېمىزغا، سېمىزلار، سېمىزلىق، ......
يېلىم — يېلىمدا، يېلىمغا، يېلىملار، يېلىملىق، .......

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە زىت ئايرىم ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئادەتلەنگىنىمىز بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز.

⑩ تەركىبىدە « ئا » ياكى « ئە » بولغان بىر بوغۇملۇق پېئىللاردىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئەسلى پېئىل ھالىتى ئاساس قىلىنىپ قوشۇلىدۇ. يەنى تۈپ پېئىل تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئېقىن (ئاق -) — ئېقىندا، ئېقىنغا، ئېقىنلار، ئېقىنلىق، ......
يېغىن (ياغ -) — يېغىندا، يېغىنغا، يېغىنلىق، ......
بېسىم (باس -) — بېسىمدا، بېسىمغا، بېسىملىق، ......

كېسىم (كەس -) — كېسىمدە، كېسىمگە، كېسىملىك، ......
تېپىن (تەپ -) — تېپىندە، تېپىنگە، .......
كېچىك (كەچ -) كېچىكتە، كېچىككە، كېچىكلەر، كېچىكلىك، ......
كېلىن (كەل -) — كېلىندە، كېلىنگە، كېلىنلەر، كېلىنلىك، ......

**3) « -چە » بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى**

« -چە » بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈرلىنىشىگە كىرىدىغانلىرىنىڭ ئىملاسى تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە يېزىلىدۇ:

① « -چە » بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە كېلىش، كۆپلۈك ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، « - چە » نىڭ ئالدىدىكى بوغۇم ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى « - چە » نىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، قوشۇمچىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋاريانتى، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا، قوشۇمچىنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋاريانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۈركچە — تۈركچىدە، تۈركچىگە، تۈركچىلەپ، تۈركچەڭ، تۈركچەڭلەر، تۈركچىڭىز، تۈركچىڭىزلەر
تەكچە — تەكچىدە، تەكچىگە، تەكچىلەر، تەكچەڭ، تەكچەڭلەر، تەكچىڭىز، تەكچىڭىزلەر
ئۈنچە — ئۈنچىدە، ئۈنچىگە، ئۈنچىلەر، ئۈنچەڭ، ئۈنچەڭلەر، ئۈنچىڭىز، ئۈنچىڭىزلەر

پارچە - پارچىدا، پارچىغا، پارچىلار، پارچىڭىز، پارچىڭىزلار؛ پارچىلا-،
تامچە - تامچىدا، تامچىغا، تامچىلار، تامچىلاپ
غۇنچە - غۇنچىدا، غۇنچىغا، غۇنچىلار، غۇنچەڭ، غۇنچەڭلار، غۇنچىڭىز، غۇنچىڭىزلار؛ غۇنچىلا-،

② « -چە » نىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش « ئې، ئى » لار بولغان سۆزلەرگە كېلىش، كۆپلۈك ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئەگەر ئۇلارنىڭ تەركىبىدە « خ، غ، ق » تاۋۇشلىرى بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋاريانتى، « خ، غ، ق » تاۋۇشلىرىدىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلار بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋاريانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

زىخچە — زىخچىدا، زىخچىغا، زىخچىلار، زىخچەڭ، زىخچەڭلار، زىخچىڭىز، زىخچىڭىزلار
قىرغىزچە — قىرغىزچىدا، قىرغىزچىغا، قىرغىزچىلاپ، قىرغىزچەڭ، قىرغىزچەڭلار، قىرغىزچىڭىز، قىرغىزچىڭىزلار
تىزىقچە — تىزىقچىدا، تىزىقچىغا، تىزىقچىلار، تىزىقچەڭ، تىزىقچەڭلار، تىزىقچىڭىز، تىزىقچىڭىزلار

ئىنگلىزچە — ئىنگلىزچىدە، ئىنگلىزچىگە، ئىنگلىزچىلەپ، ئىنگلىزچەڭ، ئىنگلىزچەڭلەر، ئىنگلىزچىڭىز، ئىنگلىزچىڭىزلەر
نېمىسچە — نېمىسچىدە، نېمىسچىگە، نېمىسچىلەپ، نېمىسچەڭ، نېمىسچەڭلەر، نېمىسچىڭىز، نېمىسچىڭىزلەر

**4) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى**

① لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا، شۇنىڭدەك ئاخىرقى بوغۇملىرىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋاريانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قول — قولۇم، قولۇڭ، قوللۇق
تۇز — تۇزۇم، تۇزۇڭ، تۇزلۇق
سۆز — سۆزۈم، سۆزۈڭ، سۆزلۈك
يۈز — يۈزۈم، يۈزۈڭ، يۈزلۈك

قۇلۇپ — قۇلۇپۇم، قۇلۇپۇڭ، قۇلۇپلۇق
تولۇق — تولۇقۇم، تولۇقۇڭ، تولۇقلۇق

ئاچ - ئاچقۇچ، ئاچقۇچۇم، ئاچقۇچۇڭ، ئاچقۇچلۇق

تەپ ـ تەپكۈچ، تەپكۈچۈم، تەپكۈچۈڭ
سۈز- سۈزگۈچ، سۈزدۈم، سۈزۈڭ، سۈزسۇن، سۈزدۈق، سۈزۈك، سۈزۈش، سۈزۈل، ...
تۈز- تۈزۈم، تۈزدۈم، تۈزۈڭ، تۈزسۇن، تۈزدۈق، تۈزۈك، تۈزۈش، تۈزۈل، تۈزۈلۈش، ......

يولۇق ـ يولۇقتۇم، يولۇقتۇڭ، يولۇقسۇن، يولۇقتۇق، يولۇقۇش، يولۇقۇپ،
ئوقۇ- ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇڭ، ئوقۇسۇن، ئوقۇدۇق، ئوقۇش، ئوقۇشلۇق، ...

ئەسكەرتىش:

① لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئايىغىغا يەنە قوشۇمچە قوشۇش توغرا كەلگەندە، مەزكۇر « ئا » لىق بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ياكى ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن، كېيىنكى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر « ئا » لىق بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، بۇ سۆزلەردىكى « ئا » تاۋۇشى ئۆزەكتىكى لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش قانۇنى بويىچە « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

قول + لاڭ - + ىش = قوللىنىش (قوللۇنۇش ئەمەس)
قول + لار + ىم = قوللىرىم (قوللۇرۇم ئەمەس)
قۇلۇپ + لار + ىم = قۇلۇپلىرىم (قۇلۇپلۇرۇم ئەمەس)

سورا- سورىماق، سورىسا (سوروماق، سوروسا ئەمەس)
دورا- دورىماق، دورىسا (دوروماق، دوروسا ئەمەس)

② لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئايىغىغا يەنە قوشۇمچە قوشۇش توغرا كەلگەندە، مەزكۇر « ئە » لىك بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ياكى ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن، كېيىنكى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر « ئە » لىك بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، بۇ سۆزلەردىكى « ئە » تاۋۇشى ئۆزەكتىكى لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش قانۇنى بويىچە « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

يۈز + لەڭ - + ىش = يۈزلىنىش (يۈزلۈنۈش ئەمەس)
ئۈزۈك + لەر + ىم = ئۈزۈكلىرىم (ئۈزۈكلۈرۈم ئەمەس)

يۆگە- يۆگىمەك، يۆگىسە (يۆگۈمەك، يۆگۈسە ئەمەس)
سۆرە- سۆرىمەك، سۆرىسە (سۆرۈمەك، سۆرۈسە ئەمەس)

③ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا، شۇنىڭدەك ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:
باغ ــ باغلىق، بېغىم، بېغىڭ، ......
تال ــ تاللىق، تېلىم، تېلىڭ، ......

بەت ـــ بەتلىك، بېتىم، بېتىڭ، ......
ئەن ـــ ئەنلىك، ......

يات ـ ياتتىم، يېتىڭ، ياتتۇق، ياتلىق، ......
كەت ـ كەتتىم، كېتىڭ، كەتتۇق، ......

تولا ـــ تولىلىق، ...
تولغا ـ تولغىدىم، تولغاڭ، تولغىسۇن، تولغىدۇق، تولغاق

## Ⅲ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ئاساسەن ئوچۇق بوغۇملاردىكى پەس سوزۇق تاۋۇش « ئا »، « ئە » نىڭ سەل ئېگىز سوزۇق تاۋۇش « ئې » ۋە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش « ئى » غا نۆۋەتلىشىشكە قارىتىلغان.

مۇنداق نۆۋەتلىشىش ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن ئېتىبارەن كۆرۈلىۋاتقان فونېتىكىلىق هادىسە بولۇپ، بۇ هادىسە ئۇ دەۋردە سۆزلەردە كۆپرەك ئوچۇق بوغۇم هالىتىدە قالغان « ئە » نىڭ نۆۋەتلىشىشى بىلەن باشلانغان.

ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا « ئا »، « ئە » تاۋۇشى كەلگەن بوغۇمدىكى ئۇرغۇنىڭ سۆزنىڭ ئايىغىدىكى بوغۇملىرىغا يۆتكىلىشى بارا ـ بارا « ئا » تاۋۇشىنىڭمۇ نۆۋەتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. هازىرقى دەۋردە بۇ فونېتىكىلىق هادىسە ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاهىدىلىك بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە بويسۇنۇپ كەتمىگەنلىرى، شۇنىڭدەك ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئىچىدىكى « ئا » ياكى « ئە » بىلەن كەلگەن بوغۇملىرىدىكى ئۇرغۇ يۆتكەلمىگەن سۆزلەر سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. شۇڭا بۇ قېتىم ئىملاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر قايتا تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە قائىدىلەر تۈزۈپ چىقىلدى:

**1. ئاخىرقى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن تۈرغۇن سۆزلەردە مەزكۇر « ئە » تاۋۇشىنىڭ « ئې » ياكى « ئى » غا نۆۋەتلىشىش ۋە نۆۋەتلەشمەسلىك ئەھۋاللىرى**

**1) ئوچۇق بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە**

**(1) نۆۋەتلىشىدىغانلىرى:**

« ئە » تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان ئوچۇق بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، « ئە » لىك بوغۇم ئوچۇق بوغۇم هالىتىدە قېلىپ، « ئە » تاۋۇشىغا چۈشكەن ئۇرغۇنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا كۆچۈشى نەتىجىسىدە، « ئە » تاۋۇشى « ئى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

پارە + سى = پارىسى
پەدە + سى = پەدىسى، پەدىدە، پەدىگە، پەدىلەر، پەدىلىك
پەللە + سى = پەللىسى، پەللىدە، پەللىگە، پەللىلىك

ئاغىنە + سى = ئاغىنىسى، ئاغىنىلەر، ئاغىنىلىك، ئاغىنىدارچىلىق
ئاهالە + سى = ئاهالىسى، ئاهالىدە، ئاهالىگە، ئاهالىلەر، ئاهالىلىك
ئالاقە + سى = ئالاقىسى، ئالاقىدە، ئالاقىگە، ئالاقىچى

مۇسابىقە + سى = مۇسابىقىسى، مۇسابىقىدە، مۇسابىقىگە، مۇسابىقىلەر
مۇنەدرىجە + سى = مۇندەرىجىسى، مۇندەرىجىدە، مۇندەرىجىگە، مۇندەرىجىلىك

**(2) ئۆزگەرتلەشمەيدىغانلىرى:**

① ئاخىرقى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، گەرچە مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، « ئە » تاۋۇشىنىڭ ئۇرغۇسى ئاخىرقى بوغۇمغا يۆتكەلمىسە، ئۇرغۇسى يۆتكەلمىگەن بوغۇملاردىكى « ئە » تاۋۇشى « ئى » غا ئۆزگەرتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تەۋە + سى = تەۋەسى، تەۋەدە، تەۋەلىك
ساھە + سى = ساھەسى، ساھەدە، ساھەگە، ساھەلەر
قەھۋە + سى = قەھۋەسى، قەھۋەدە، قەھۋەگە، قەھۋەلەر، قەھۋەلىك
قۇرئە + سى = قۇرئەسى، قۇرئەدە، قۇرئەگە
شىرە + سى = شىرەسى، شىرەدە، شىرەگە، شىرەلەر، شىرەلىك
لەۋھە + سى = لەۋھەسى، لەۋھەدە، لەۋھەگە، لەۋھەلەر
قىتئە + سى = قىتئەسى، قىتئەلەر
كۇرە + سى = كۇرەسى، كۇرەدە، كۇرەگە
مەزە + سى = مەزەسى، مەزەگە، مەزەلەر
مەۋقە + سى = مەۋقەسى، مەۋقەدە
ۋاھە + سى = ۋاھەسى، ۋاھەدە، ۋاھەگە، ۋاھەلەر
ۋەقە + سى = ۋەقەسى، ۋەقەدە، ۋەقەگە، ۋەقەلەر، ۋەقەلىك
جۇمە + سى = جۇمەسى، جۇمەدە، جۇمەگە

پاجىئە + سى = پاجىئەسى، پاجىئەدە، پاجىئەگە، پاجىئەلىك
ئەسلىھە + سى = ئەسلىھەسى، ئەسلىھەدە، ئەسلىھەگە، ئەسلىھەلەر، ئەسلىھەلىك
پاتىھە + سى = پاتىھەسى، پاتىھەدە، پاتىھەگە
جامائە + سى = جامائەسى، جامائەدە، جامائەلىك

مەتبەئە + سى = مەتبەئەسى، مەتبەئەدە، مەتبەئەگە، مەتبەئەلىك
مەدرىسە + سى = مەدرىسەسى، مەدرىسەدە، مەدرىسەگە
گۇلقەقە + سى = گۇلقەقەسى، گۇلقەقەلىرى
ئىلىپبە + سى = ئىلىپبەسى، ئىلىپبەدە، ئىلىپبەگە، ئىلىپبەلىك
مەجمۇئە + سى = مەجمۇئەسى، مەجمۇئەدە، مەجمۇئەگە

مۇداپىئە + سى = مۇداپىئەسى، مۇداپىئەدە، مۇداپىئەگە
مۇئەسسەسە + سى = مۇئەسسەسەسى، مۇئەسسەسەدە، مۇئەسسەسەگە، مۇئەسسەسەلەر

خالىدە — خالىدەگە — خالىدەنى
جەمىلە — جەمىلەگە — جەمىلەنى
راھىلە — راھىلەگە — راھىلەنى
زاھىدە — زاھىدەگە — زاھىدەنى

② ئاخىرقى بوغۇمى « ىيە » شەكلىدە تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا بوغۇم ئاخىرىدىكى « ە » تاۋۇشى « ى » گە ئۆزگەرتىلمەستىن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئارمىيە — ئارمىيەسى — ئارمىيەگە
پارتىيە — پارتىيەسى — پارتىيەگە
نەزەرىيە — نەزەرىيەسى — نەزەرىيەگە
ياپونىيە — ياپونىيەسى — ياپونىيەگە
ئالىيە — ئالىيەگە — ئالىيەدىن — ئالىيەلەر
رازىيە — رازىيەگە — رازىيەدىن — رازىيەلەر

**2) يېپىق بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە**

**(1) ئۆزگەرتىلىشىدىغانلىرى:**

① « ە » بىلەن تۈزۈلگەن، يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، « ە » تاۋۇشى « ې » غا ئۆزگەرتىلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەپ + ى = ئېپى ئەت + ى = ئېتى بەز + ى = بېزى
ئەس + ى = ئېسى تەگ + ى = تېگى بەت + ى = بېتى

② ئاخىرقى بوغۇمىدا « ە » بولغان، كۆپ بوغۇملۇق يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، « ە » تاۋۇشى « ى » غا ئۆزگەرتىلىشىدۇ. مەسىلەن:

دەرەخ + ى = دەرىخى ئەخلەت + ى = ئەخلىتى تەلەپ + ى = تەلىپى
سۆڭگەچ + ى = سۆڭگىچى شىكايەت + ى = شىكايىتى

③ پۇل مەنىسىدىكى « چەن » سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىش دەۋرى ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلىدىكى قوشما سوزۇق تاۋۇشلۇق ھالىتىنى يوقىتىپ، يەككە سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ سۆز بىلەن ياسالغان سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە « ە » تاۋۇشى « ى » غا ئۆزگەرتىلىشىدۇ. مەسىلەن:

پۇڭچەن + ى = پۇڭچىنى موچەن + ى = موچىنى كويچەن + ى = كويچىنى

**(2) ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىرى:**

① « ە » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، سۆز يىلتىزىدىكى ئۇرغۇ ساقلانغانلىقتىن « ە » تاۋۇشى « ى » غا ئۆزگەرتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

ۋەز + ى = ۋەزى بەش + ى = بەشى
كەش + ى = كەشى خەج + ى = خەجى

② « ە » بىلەن تۈزۈلگەن، ئىككى ئۇزۇن تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بوغۇم ئاخىرىدىكى ئىككى ئۇزۇن تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى ئالدىنقى بوغۇمغا، كېيىنكىسى كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولۇپ، « ە » لىك بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالغانلىقتىن، « ە » تاۋۇشى « ى » غا ئۆزگەرتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| كەنت + ى = كەنتى | دەرد + ى = دەردى | شەرت + ى = شەرتى |
| قەلب + ى = قەلبى | قەست + ى = قەستى | بەست + ى = بەستى |

③ ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن، ئاخىرقى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بەزى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، « ئە » تاۋۇشى ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمىسا، « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

مىجەز + ى = مىجەزى
ئەرەب + ى = ئەرەبى
نەسەب + ى = نەسەبى

④ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان « ia, ua » قوش سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە، بۇ سوزۇق تاۋۇشلار خەنزۇ تىلىدىكى قوش سوزۇق تاۋۇشلۇق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئاخىرقى بوغۇمىدىكى « ئە » تاۋۇشى « ئې » ياكى « ئى » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ليەن + ى = ليەنى
لۇشيەن + ى = لۇشيەنى
يۈەن + ى = يۈەنى

⑤ ئاخىرقى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر قىسىم كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بەزىدە « ئە » تاۋۇشى « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت. مۇنداق ئىككى خىللىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن « ئە » تاۋۇشى ئىملادا « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مەسلىھەت + ى = مەسلىھەتى (مەسلىھىتى ئەمەس)
نەسىھەت + ى = نەسىھەتى (نەسىھىتى ئەمەس)

**2. ئاخىرقى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن پېئىللاردا مەزكۇر « ئە » تاۋۇشىنىڭ « ئې » ياكى « ئى » غا نۆۋەتلىنىش ۋە نۆۋەتلەشمەسلىك ئەھۋاللىرى**

**1) ئوچۇق بوغۇملۇق پېئىللاردا**

(1) « ئە » بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللاردىن پەقەت « دە ـ » بىلەن « يە ـ » پېئىلى بار بولۇپ، بۇ ئىككى پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، « ئە » تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، « ئې » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

دە ـ دېدى، دېسۇن، دېدۇق، دېگەن، دېگىلى، دېسە، دېمەك، دېگەي، دېگۈلۈك، ... ...
يە ـ يېدى، يېسۇن، يېدۇق، يېگەن، يېگىلى، يېسە، يېمەك، يېگەي، يېگۈلۈك، ......

ئەگەر بۇ « ئە » تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالمىسا، « ئې » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

دە ـ دەپ، دەڭ، دەڭلەر، دەيلى، دەيدىغان، ......
يە ـ يەپ، يەڭ، يەڭلەر، يەيلى، يەيدىغان، ......

(2) ئاخىرقى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ « ئە » تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، « ئى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

چەيلە- چەيلىدى، چەيلىسۇن، چەيلىدۇق، چەيلىگەن، چەيلىسە، ......
يۆكلە- يۆكلىدى، يۆكلىسۇن، يۆكلىدۇق، يۆكلىگەن، يۆكلىسە، ......
بېزە- بېزىدى، بېزىسۇن، بېزىدۇق، بېزىگەن، بېزىسە، ......
بىلە- بىلىدى، بىلىسۇن، بىلىدۇق، بىلىگەن، بىلىسە، ......

ئەگەر بۇ خىلدىكى پېئىللاردا « ئە » تاۋۇشى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا، « ئى » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

چەيلە- چەيلەپ، چەيلەڭلەر، چەيلەيلى، چەيلەكلىك، ......
يۆكلە- يۆكلەپ، يۆكلەڭلەر، يۆكلەيلى، يۆكلەكلىك، ......
بېزە- بېزەپ، بېزەڭلەر، بېزەيلى، بېزەكلىك، ......
بىلە- بىلەپ، بىلەڭلەر، بىلەيلى، بىلەكلىك، ......

**2) يېپىق بوغۇملۇق پېئىللاردا**

(1) « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، « ئە » تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، « ئې » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

كەل ـ كېلىپ، كېلىڭ، كېلىڭلەر، كېلەيلى، كېلىدۇ، كېلىدىكەن، ......
يەش ـ يېشىپ، يېشىڭ، يېشىڭلەر، يېشەيلى، يېشىدۇ، يېشىدىكەن، ......

ئەگەر « ئە » تاۋۇشى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا، « ئې » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

كەل ـ كەلسە، كەلسۇن، كەلدۇق، كەلگەن، كەلگەي، كەلتۇر، كەلگۈلۈك، ......
يەش ـ يەشسە، يەشسۇن، يەشتۇق، يەشكەن، يەشكەي، يەشتۇر، يەشكۈلۈك،...

(2) ئاخىرقى بوغۇمى « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، « ئە » تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، « ئى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

مىنگەش ـ مىنگىشىپ، مىنگىشىڭلەر، ......
مۆكچەي ـ مۆكچىيىپ، مۆكچىيىڭلەر، ......

ئەگەر « ئە » بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا، « ئە » تاۋۇشى « ئى » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

مىنگەش ـ مىنگەشسە، مىنگەشكەن، مىنگەشسۇن، مىنگەشتۇق، مىنگەشكەي
مۆكچەي ـ مۆكچەيسە، مۆكچەيگەن، مۆكچەيسۇن، مۆكچەيدۇق، مۆكچەيگەك

**3. ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن تۈرغۇن سۆزلەردە مەزكۇر « ئا » تاۋۇشىنىڭ « ئې » ياكى « ئى » غا نۆۋەتلىشىش ۋە نۆۋەتلەشمەسلىك ئەھۋاللىرى**

**1) ئوچۇق بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە**

**(1) نۆۋەتلىشىدىغانلىرى:**

① ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، « ئا » تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلگەنلىكتىن، « ئا » تاۋۇشى « ئى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئاتا ـــ ئاتىسى، ئاتىلىق، ئاتىغا، ئاتىدا، ئاتىلار، ......
ياقا ـــ ياقىسى، ياقىلىق، ياقىغا، ياقىدا، ياقىلار، ......

ئارغامچا ـــ ئارغامچىسى، ئارغامچىلىق، ئارغامچىغا، ئارغامچىدا، ئارغامچىلار، ......
تاپانچا ـــ تاپانچىسى، تاپانچىلىق، تاپانچىغا، تاپانچىدا، تاپانچىلار، ......

شارقىراتما ـــ شارقىراتمىسى، شارقىراتمىلىق، شارقىراتمىغا، شارقىراتمىدا، ......

② ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى بەزى كۆپ بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ « ئا » تاۋۇشى ئىملادا بەزىدە « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلسە، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال تەڭلا مەۋجۇت. مۇنداق ئىككى خىللىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى « ئا » تاۋۇشى ئىملادا « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مولېكۇلا ـــ مولېكۇلاسى (مولېكۇلىسى ئەمەس)
پىلانىتا ـــ پىلانىتاسى (پىلانىتىسى ئەمەس)
راكېتا ـــ راكېتاسى (راكېتىسى ئەمەس)
فورمۇلا ـــ فورمۇلاسى (فورمۇلىسى ئەمەس)
چېگرا ـــ چېگراسى (چېگرىسى ئەمەس)

**(2) نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى:**

① « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن « يا، جا » قاتارلىق بىر بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، « ئا » تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلمىگەنلىكتىن، « ئې » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

يا ـــ ياسى، ياغا، يادا، يادىن، يالار، ......
جا ـــ جاسى، جاغا، جادىن، جالىرى، ......

② ئەرەب ـ پارس تىللىرى، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن، ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى كۆپ بوغۇملۇق بەزى تۇرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ « ئا » تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ يۆتكەلمىگەچكە، « ئى » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ساپا ـــ ساپاسى، ساپالىق، ......
سادا ـــ ساداسى، ساداغا، ......
ھاۋا ـــ ھاۋاسى، ھاۋالىق، ......

ئەۋلىيا ـــ ئەۋلىياسى، ئەۋلىيالىق، ......
ئوپېرا ـــ ئوپېراسى، ئوپېرالىق، ......

ئىلتىجا — ئىلتىجاسى، ئىلتىجالىق، ......

ئاتموسفېرا — ئاتموسفېراسى، ئاتموسفېراغا، ......
خىروموسوما — خىروموسوماسى، خىروموسومالىق، ......

③ تۆۋەندىكىدەك شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئىملاسى مۇنداق يېزىلىدۇ:

پاپا ( رىم پاپاسى ) — پاپاسى، پاپادا، پاپاغا، پاپالىق، ......
پاپا (پاكار) — پاپىسى، پاپىدا، پاپىغا، پاپىلىق، پاپىلار، ......

بالا (بالايى ئاپەت) — بالاسى، بالادا، بالاغا، بالالىق، ......
بالا (پەرزەنت) — بالىسى، بالىدا، بالىغا، بالىلىق، بالىلار، ......

**2) يېپىق بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە**
**(1) نۆۋەتلىشىدىغانلىرى:**

① « ا » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، « ا » تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلگەنلىكتىن، « ې » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| داپ — دېپى | ساپ — سېپى | قاپ — قېپى | لاپ — لېپى |
| ئات — ئېتى | دات — دېتى | قات — قېتى | يات — يېتى |
| شاخ — شېخى | ئاش — ئېشى | باش — بېشى | تاش — تېشى |
| تاغ — تېغى | ئاق — ئېقى | ساق — سېقى | قاق — قېقى |
| ئاڭ — ئېڭى | ساڭ — سېڭى | كاڭ — كېڭى | ھاڭ — ھېڭى |

② ئاخىرقى بوغۇمى « ا » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئاخىرقى « ا » تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلگەنلىكتىن، « ى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قانات — قانىتى | كاچات — كاچىتى | خالات — خالىتى | ئامبار — ئامبىرى |
| ئاياغ — ئايىغى | چىراغ — چىرىغى | ئاتاق — ئاتىقى | دىماغ — دىمىغى |
| بۇلاق — بۇلىقى | قاپاق — قاپىقى | ساقال — ساقىلى | شامال — شامىلى |

| | | |
|---|---|---|
| قوزغىلاڭ — قوزغىلىڭى | قارىغاي — قارىغىيى | مالىخاي — مالىخىيى |
| ئالىقان — ئالىقىنى | جاۋىغاي — جاۋىغىيى | ساۋاقداش — ساۋاقدىشى |

**(2) نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى:**

① « ا » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى ئايرىم بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، « ا » تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلمىگەچكە، « ې » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. (« ر » بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەر ئايرىم كۆرسىتىلدى.) مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| نال — نالى | جاي — جايى | راي — رايى | خال — خالى |
| زات — زاتى | ھال — ھالى | ياد — يادى | يال — يالى |

تاج — تاجى　　نام — نامى　　ساز — سازى　　سان — سانى

② ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بوغۇم ئاخىرىدىكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى ئالدىنقى بوغۇمنى، كېيىنكىسى قوشۇمچە بىلەن قوشۇلۇپ كېيىنكى بوغۇمنى تەشكىل قىلغاچقا، ئاخىرقى « ئا » تاۋۇشىدىكى ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ، يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالغانلىقتىن، « ئې » ياكى « ئى » غا ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاست — ئاستى　　ئانت — ئانتى　　ئالد — ئالدى
ئاسپىرانت — ئاسپىرانتى　　مۇزىكانت — مۇزىكانتى

③ ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر قىسىم كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، گەرچە مەزكۇر « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، « ئا » تاۋۇشىدىكى ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەچكە، « ئى » غا ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

ئەتراپ — ئەتراپى　　جاۋاب — جاۋابى　　قۇياش — قۇياشى
قاياش — قاياشى　　قۇرام — قۇرامى　　ئامال — ئامالى
تەلىمات — تەلىمات　　ئىتتىپاق — ئىتتىپاقى　　ئىشتىياق — ئىشتىياقى
خىيال — خىيالى　　مۇقام - مۇقامى　　قورال — قورالى
پىلان — پىلانى　　ئىستىھكام — ئىستىھكامى　　پىراق — پىراقى

④ ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلۈپ، « ھ » بىلەن ئاخىرلاشقان بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋە « ر » بىلەن ئاخىرلاشقان بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرىگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئاخىرقى « ئا » تاۋۇشىدىكى ئۆزگىرىش ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلمىگەنلىكتىن، « ئې » ياكى « ئى » غا ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاھ — ئاھى　　گاھ — گاھى　　شاھ — شاھى
ئىلاھ — ئىلاھى　　گىياھ — گىياھى　　نىكاھ — نىكاھى
ئارامگاھ — ئارامگاھى　　قارارگاھ — قارارگاھى　　زىيارەتگاھ — زىيارەتگاھى

قار — قارى　　بار — بارى　　شار — شارى　　تار — تارى　　كار — كارى
يار — يارى　　زار — زارى　　نار — نارى　　غار — غارى　　گار — گارى
قارار — قارارى　　مادار — مادارى

⑤ « ـدار، ـزار، ـكار، ـشۇناس » قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر قوشۇمچىلاردىكى « ئا » تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، « ئى » غا ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

ئەمەلدار — ئەمەلدارى　　ھوقۇقدار — ھوقۇقدار　　مەنسەبدار — مەنسەپدارى
گۈلزار — گۈلزارى　　چىمەنزار — چىمەنزارى　　ئۈزۈمزار — ئۈزۈمزارى
گۇناھكار — گۇناھكارى　　مەدەتكار — مەدەتكارى　　ھەۋەسكار — ھەۋەسكارى
تىلشۇناس — تىلشۇناسى　　تارىخشۇناس — تارىخشۇناسى

⑥ ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلۈپ، « ر » بىلەن ئاخىرلاشقان « ئامبار، بىكار، چاكار، خامار، قاڭشار، قوچقار » قاتارلىق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئاخىرقى « ئا » تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلگەنلىكتىن، « ى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئامبار — ئامبىرى　　بىكار — بىكىرى　　چاكار — چاكىرى
خامار — خامىرى　　قاڭشار — قاڭشىرى　　قوچقار — قوچقىرى

⑦ ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلۈپ، « ـر، ـس » بىلەن ئاخىرلاشقان « ئانار، بازار، پانار، تاغار، خۇمار، سونار، قاتار » ۋە « ئابزاس، ئاتلاس، زاپچاس، كومپاس، ماتراس » قاتارلىق تۈرغۈن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ « ئا » تاۋۇشى بەزىدە « ى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلسە، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي ئىككى خىل يېزىلىدىغان ئەھۋال تەڭلا مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى « ئا » تاۋۇشى « ى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئانار — ئانىرى　　بازار — بازىرى　　تاۋار — تاۋىرى　　پانار — پانىرى
تاغار — تاغىرى　　خۇمار — خۇمىرى　　ئابزاس — ئابزىسى　　ئاتلاس — ئاتلىسى
زاپچاس — زاپچىسى　　كومپاس — كومپىسى

⑧ خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى «ang, iang» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن « بەنجاڭ، پەيجاڭ، جۇنجاڭ، دۈيجاڭ، دادۈيجاڭ، شىپاڭ، ماتاڭ، لىيەنجاڭ، ماجاڭ، مەنجاڭ، ...... » قاتارلىق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئىستېمالدا مەزكۇر « ئا » تاۋۇشى بەزىدە « ى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلسە، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال تەڭلا مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى « ئا » تاۋۇشى ئىملادا « ى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بەنجاڭ — بەنجاڭى　　پەيجاڭ — پەيجاڭى　　جۇنجاڭ — جۇنجاڭى
دۈيجاڭ — دۈيجاڭى　　دادۈيجاڭ — دادۈيجاڭى　　شىپاڭ — شىپاڭى
ماتاڭ — ماتاڭى　　لىيەنجاڭ — لىيەنجاڭى　　ماجاڭ — ماجاڭى

**4. ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن پېئىللاردا، مەزكۇر « ئا » تاۋۇشىنىڭ « ئې » ياكى « ئى » غا نۆۋەتلىشىش ۋە نۆۋەتلەشمەسلىك ئەھۋاللىرى**

**1) ئوچۇق بوغۇملۇق پېئىللاردا**

**(1) نۆۋەتلىشىدىغانلىرى:**

ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئاخىرقى « ئا » تاۋۇشى « ى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئاتا- ئاتىدى، ئاتىغان، ئاتىسا، ئاتىسۇن، ئاتىدۇق، ......
ئورۇنلا- ئورۇنلىدى، ئورۇنلىغان، ئورۇنلىسا، ئورۇنلىسۇن، ئورۇنلىدۇق، ......

**(2) نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى:**

ئەگەر يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئاخىرقى « ئا » تاۋۇشى « ى » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاتا- ئاتالدى، ئاتالغان، ئاتالسا، ئاتالسۇن، ئاتالدۇق، ئاتاڭلار، ......

ئورۇنلا ـ ئورۇنلاندى، ئورۇنلانغان، ئورۇنلانسا، ئورۇنلانسۇن، ئورۇنلاتقىلار، ...

**2) يېپىق بوغۇملۇق پېئىللاردا**

**(1) نۆۋەتلىشىدىغانلىرى:**

① « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، « ئا » تاۋۇشى « ئې » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئات ـ ئېتىپ، ئېتىلغان، ئېتىلسا، ئېتىڭلار، ......
چات ـ چېتىپ، چېتىلغان، چېتىلسا، چېتىڭلار، چېتىق، ......

② ئاخىرقى بوغۇمى « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئاخىرقى « ئا » تاۋۇشى « ئى » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

تاتار ـ تاتىرىپ، تاتىرىش، تاتىراڭغۇ، ......
جانلان ـ جانلىنىپ، جانلىنىش، ......

**(2) نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى:**

① يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىن كېيىن « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىز ياكى ئۆزەك يەنىلا يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، يىلتىز ياكى ئۆزەكتىكى « ئا » تاۋۇشى « ئې » ياكى « ئى » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئات ـ ئاتقان، ئاتسا، ئاتسۇن، ئاتتۇق، ئاتقۇر، ......
چات ـ چاتقان، چاتسا، چاتسۇن، چاتتۇق، چاتقۇ، ......
تاتار ـ تاتارغان، تاتارسا، ......
جانلان ـ جانلانغان، جانلانسا، جانلانسۇن، جانلاندۇق، ......

② « ئا » بىلەن تۈزۈلگەن، ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى ئالدىنقى بوغۇمنى، كېيىنكىسى قوشۇمچە بىلەن كېيىنكى بوغۇمنى تەشكىل قىلغانلىقتىن، « ئا » تاۋۇشى « ئې » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

تارت ـ تارتىپ، تارتىڭلار، ......
قايت ـ قايتىپ، قايتىڭلار، ......

## Ⅳ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

1. ئىككىنچى بوغۇمى ئېگىز سوزۇق تاۋۇش « ئى، ئۇ، ئۈ » بىلەن تۈزۈلگەن بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئىككىنچى بوغۇم ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتسا، « ئى، ئۇ، ئۈ » تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئەسلى ئۈچ بوغۇم بولىدىغان سۆزلەر يەنىلا ئىككى بوغۇم ھالىتىدە قالىدۇ ۋە ئىملادا چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پەسىل + ى = پەسلى　　جىسىم + ى = جىسمى　　سىڭىل + ىم = سىڭلىم
قىسىم + ى = قىسمى　　كۆڭۈل + ى = كۆڭلى　　نەسىل + ى = نەسلى

| | | |
|---|---|---|
| هۆكۈم + ى = هۆكمى | ئورۇن + ى = ئورنى | ئوغۇل + ى = ئوغلى |
| ئۆمۈر + ى = ئۆمرى | ۋاقىت + ى = ۋاقتى | ئىسىم + ى = ئىسمى |

2. ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ۋە پۈتكەن سۈپەتداشنىڭ سوراق شەكلى ئۈچۈن « مۇ » ئۇلانمىسى قوشۇلغاندىن كېيىن ياردەمچى پېئىل « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش » لەر كەلسە، « مۇ » ئۇلانمىسىدىكى « ۇ » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئىملادا چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كېلەر + مۇ + ئىدى = كېلەرمىدى | بارار + مۇ + ئىدى = بارارمىدى |
| ساتار + مۇ + ئىدى = ساتارمىدى | تونۇغان + مۇ + ئىدى = تونۇغانمىدى |

## V ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

**1. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە يول قويۇلمايدۇ.**

1) ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئۆز پېتى يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئات - + سا = ئاتسا (ئاسسا ئەمەس)
سات - + سا = ساتسا (ساسسا ئەمەس)

ئاچ - + قان = ئاچقان (ئاشقان ئەمەس)
قاچ - + قۇن = قاچقۇن (قاشقۇن ئەمەس)
ئىچ - + مەك = ئىچمەك (ئىشمەك ئەمەس)

چاچ - + سا = چاچسا (چاسسا ئەمەس)

توش - + سا = توشسا (توسسا ئەمەس)
قوش - + سا = قوشسا (قوسسا ئەمەس)

ساق + لا = ساقلا- (ساخلا ئەمەس)
ۋاق + لىق = ۋاقلىق (ۋاخلىق ئەمەس)

كېرەك + لىك = كېرەكلىك (كېرەگلىك ئەمەس)
تۈۋرۈك + لۈك = تۈۋرۈكلۈك (تۈۋرۈگلۈك ئەمەس)

چىرايلىق + راق = چىرايلىقراق (چىرايلىغراق ئەمەس)

2) « ق، ك، پ » تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، « ق، ك، پ » تاۋۇشلىرى ئىملادا ئۆز پېتى يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ياتاق + ى = ياتىقى (ياتىغى ئەمەس)
ئاتاق + ى = ئاتىقى (ئاتىغى ئەمەس)

تىلەك + ى = تىلىكى (تىلىگى ئەمەس)
پىلەك + ى = پىلىكى (پىلىگى ئەمەس)

تەكلىپ + ى = تەكلىپى (تەكلىۋى ئەمەس)
ئارخىپ + ى = ئارخىپى (ئارخىۋى ئەمەس)

## 2. ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى، جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

**جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرى:**

باج ــ باجدا، باجغا، باجدىن،
تار ــ تاردا، تارغا، تاردىن،
ياز ــ يازدا، يازغا، يازدىن،
تال ــ تالدا، تالغا، تالدىن،
نان ــ ناندا، نانغا، ناندىن،
باي ــ بايدا، بايغا، بايدىن

دۇتار ــ دۇتاردا، دۇتارغا، دۇتاردىن، ... ...
تومۇز ــ تومۇزدا، تومۇزغا، تومۇزدىن، ... ...
قورغان ــ قورغاندا، قورغانغا، قورغاندىن، ... ...
مۇقام ــ مۇقامدا، مۇقامغا، مۇقامدىن، ... ...
تاڭلاي ــ تاڭلايدا، تاڭلايغا، تاڭلايدىن، ... ...

قاراۋۇل ــ قاراۋۇلدا، قاراۋۇلغا، قاراۋۇلدىن، ... ...

**جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرى:**

داپ ــ داپتا، داپقا، داپتىن، ... ...
بەت ــ بەتتە، بەتكە، بەتتىن، ... ...
كەچ ــ كەچتە، كەچكە، كەچتىن، ... ...
شاخ ــ شاختا، شاخقا، شاختىن، ... ...
داس ــ داستا، داسقا، داستىن، ... ...
تۆش ــ تۆشتە، تۆشكە، تۆشتىن، ... ...
قاق ــ قاقتا، قاققا، قاقتىن، ... ...
تەك ــ تەكتە، تەككە، تەكتىن، ... ...

قۇرۇت ــ قۇرۇتتا، قۇرۇتقا، قۇرۇتتىن، ... ...
ئۇماچ ــ ئۇماچتا، ئۇماچقا، ئۇماچتىن، ... ...
نەققاش ــ نەققاشتا، نەققاشقا، نەققاشتىن، ... ...

كۆھىقاپ ــ كۆھىقاپتا، كۆھىقاپقا، كۆھىقاپتىن، ... ...
ئورۇندۇق ــ ئورۇندۇقتا، ئورۇندۇققا، ئورۇندۇقتىن، ... ...

**ئەسكەرتىش:**

① « ب، د » ۋە « ھ » جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر جانلىق تىلدا جاراڭسىزلاشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغاچقا، مۇنداق سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھېساب — ھېسابتا، ھېسابقا، ھېسابتىن، ھېسابى،
كىتاب — كىتابتا، كىتابقا، كىتابتىن، كىتابى،

ئىقتىساد — ئىقتىسادتا، ئىقتىسادقا، ئىقتىسادتىن، ئىقتىسادى
مۇراد — مۇرادقا، مۇرادتىن، مۇرادى،

پادىشاھ — پادىشاھتا، پادىشاھقا، پادىشاھتىن، پادىشاھى،
ئارامگاھ — ئارامگاھتا، ئارامگاھقا، ئارامگاھتىن، ئارامگاھى

② « غ، گ » جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە مۇشۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ئىككى ئوخشاش جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنى بىرلا ۋاقىتتا ئېيتىش تەلەپپۇزغا ئېغىرلىق كەلتۈرگەچكە، مۇنداق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

باغ + قا = باغقا (باغغا ئەمەس)
تاغ + قا = تاغقا (تاغغا ئەمەس)
تۇغ + قان = تۇغقان (تۇغغان ئەمەس)

ئەگ + كەن = ئەگكەن (ئەگگەن ئەمەس)
تەگ + كەن = تەگكەن (تەگگەن ئەمەس)
بەگ + كە = بەگكە (بەگگە ئەمەس)

**3. « ي » ئۈزۈك تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

1) ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى بەزى سۆزلەرگە تەۋەلىك بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىدا « ي » تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ ۋە ئىملادا شۇ بويىچە يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخستە ھەممىسىگە ئوخشاشلا « سى » قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

پولۇ — پولۇيۇم، پولۇيۇڭ، پولۇسى
توخۇ — توخۇيۇم، توخۇيۇڭ، توخۇسى
چەيدۇ — چەيدۇيۇم، چەيدۇيۇڭ، چەيدۇسى
ئىملا — ئىملايىم، ئىملايىڭ، ئىملاسى

2) « سۇ » سۆزى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، « ي » تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. ھەمدە « ئۇ» تاۋۇشى « ئۈ » گە نۆۋەتلىشىدۇ. ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۈچۈن « سى » ئەمەس بەلكى « ى » قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۇ — سۈيۈم، سۈيۈڭ، سۈيى

3) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن « ـىئا، ـىئو » قۇرۇلمىسىدىكى سۆزلەر

تىلىمىزنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرۇلۇپ، مەزكۇر ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىغا ئۇزۇك تاۋۇش « ي » قوشۇلىدۇ ۋە ئىملادا شۇ بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پىيانىنو، رادىيو، دىيامېتىر، تىياتىر، دىيالوگ، ماتېرىيالىزم، سوتسىيالىزم، فىرازىيولوگىيە، دىيافراگما، ئاككوردىيون، دىيالېكت

## VI مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

### 1. تۈپ سۆز ۋە قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

تۈپ سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر جۈملىدە مۇستەقىل لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدە بىر - بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

باھار بىلەن تەڭ پۈتكۈل كائىنات جانلىنىشقا باشلىدى.

### 2. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1) بىرىككەن سۆزلەر بىر لېكسىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىپ، ئۇنى تەشكىل قىلغان ئىككى تەركىب قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تۆگىتاپان، توشقانقۇلاق، قىرىققۇلاق، مۈشۈكياپىلاق،
سەكسەنپۇت، بۇغىئوت، ئىشقىلىپ، جاھانكەزدى

ئەسكەرتىش:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قانداق بىرىكمىلەرنى بىرىككەن سۆز دەپ تونۇش مەسىلىسى تېخى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل بولمىدى. شۇڭا بۇنىڭغا ئالاقىدار كونكرېت مەسىلىلەردە ئۇيغۇر تىلچىلىرى ئارىسىدا ھېلىمۇ ئىختىلاپ داۋام قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىرىككەن سۆزلەرنى، شۇنىڭدەك بىرىككەن سۆزلۈك يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان بىرىكمىلەرنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە قوشۇپ يازغان پايدىلىق. تېخى تالاش - تارتىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان بىرىكمىلەرنى ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ كېيىنچە بىر تەرەپ قىلىسىمۇ بولىدۇ. بىز ھازىرچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئاساسەن قوشۇپ يېزىلىۋاتقان بىرىكمىلەرنى بىرىككەن سۆزلەر قاتارىدا مىسالغا ئالدۇق.

2) بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ھازىرغىچە كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن.

ئاشقازان، سەپرائوت، قاراماي، قارادۆڭ، قاراشەھەر، ......
بۇغىئوت، تۆگىتاپان، قارىمۇچ، قارىغات، بالىياتقۇ، سەللىگۈل، ......

3) بىرىنچى تەركىبى ئىككىنچى تەركىبكە « مۇ » باغلىغۇچىسى ياكى « ۋە » باغلىغۇچىسىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى « ئۇ » ئارقىلىق قوشۇلغان بىرىكمىلەر بىرىككەن سۆز ھېسابلىنىپ، قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| باغۇبوستان، | ئەيشۇئىشرەت، | داد‌ۇپەرياد | قولمۇقول، |
| قارىمۇقارشى، | خىلمۇخىل، | قاتمۇقات، | ئۇستمۇئۇست |

4) ئىككىنچى تەركىبى « ب » بىلەن باشلانغان بىرىككەن سۆزلەرنىڭ بوغۇم بېشىدىكى « ب » تاۋۇشى « ۋ »

تاۋۇشىغا ئوخشىتىلىشتۇرۇلمەي، ئىملادا « ب » شەكلىدە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئونبېشى، يۈزبېشى، يۈزبېگى، مىڭبېگى، مىڭبېشى، موزايىبېشى، شىللىباغ، بەلباغ، پايىنەكباش، قاپاقباش، يۇمشاقباش، ئۇستباش، يېڭىباشتىن، كۆكباش، كاتتىباش، ئىشتانباغ، گۇلباغ، ئازادباغ، دۆلەتباغ، چىنىباغ، مارالبېشى، يۇلتۇزباغ، سايباغ، شامالباغ، ئەمەتباقى، توختىباقى، ئاخۇنباي، ئابلاباقى، ......

5) تىلىمىزغا پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن « -باز، -بان » بىلەن ياسالغان سۆزلەردىكى قوشۇمچىنىڭ بېشىدا كەلگەن « ب » تاۋۇشلىرى ئۇزۇن يىل داۋامىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ « ۋ » تاۋۇشىغا ئوخشىتىلىشىپ « -ۋاز، -ۋان، -ۋەن » بولۇپ كەتكەن. پەقەت « -باز » شەكلى ئايرىم سۆزلەردە ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئىملادا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغانلىرى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان ھالىتىدە، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىمىغانلىرى ئەسلىي ھالىتىدە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| دارۋاز (ئەسلى دارباز) | قىمارۋاز (ئەسلى قىمارباز) |
| يۇرتۋاز (ئەسلى يۇرتباز) | سىياسەتۋاز (ئەسلى سىياسەتباز) |
| باغۋەن (ئەسلى باغبان) | سايىۋەن (ئەسلى سايىبان) |

جانباز، خوتۇنباز، تەركىپباز، تەرەپباز، ......

6) ئىككىنچى تەركىبى لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ مۇستەقىل قوللىنىلىشتىن قالغان ياكى لېكسىكىلىق مەنىسى سۇسلىشىپ، قوللىنىلىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بالىۋاقا (ئەسلى بالا - بارقا)   ئۆيۋاق (ئەسلى ئۆي - بارق)   تەڭتۇش، تەلتۆكۈس

**3. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىملاسى**

1) جۈپ سۆزلەر ۋە جۈپلەنمە بىرىكمىلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئاتا - ئانا | توي - تۆكۈن | ئات - ئۇلاغ |
| خۇشال - خۇرام | ھارماي - تالماي | ئۇزۇن - قىسقا |
| قاتتىق - قۇرۇق | پات - پات | قات - قات |
| قەۋەت - قەۋەت | | |

2) ئىككىنچى تەركىبى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن تەكرارلانغان جۈپ سۆزلەر ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئارقا - ئارقىدىن | زامان - زاماندىن | كەينى - كەينىدىن |
| جاي - جايىغا | جاي - جايىدا | تۆپە - تۆپىسىگە |
| ئۆز - ئۆزىنى | بىر - بىرىنىڭ | دوقمۇش - دوقمۇشتا |

3) بىرىنچى تەركىبى چىقىش كېلىش بىلەن كېلىپ تەكرارلانغان سۆزلەردىن ھاسىل بولغان بىرىكمىلەر جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ، ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆندىن ـ كۆنگە　　ھېلىدىن ـ ھېلىغا　　شاختىن ـ شاخقا
ئۆيدىن ـ ئۆيگە　　ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا

4) تەكرار كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندىن سىرت يەنە كېيىنكى سۆزگە باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئۇلار جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ، ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جايى ـ جايىدا　　ئورنى ـ ئورنىدا　　ۋاقتى ـ ۋاقتىدا
جايى ـ جايىغا　　ئورنى ـ ئورنىغا　　ئىچى ـ ئىچىدىن

5) تەكرار كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ كېيىنكىسىگە ياكى ھەر ئىككىسىگە « ـلاپ، ـلەپ » قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاي ـ ئايلاپ　　كېچە ـ كېچىلەپ　　تۆپە ـ تۆپىلەپ
ئويلاپ ـ ئويلاپ　　يۈزلەپ ـ يۈزلەپ　　ئارىلاپ ـ ئارىلاپ

6) ئىككى تەركىبلىك ياكى تەكرار كەلگەن تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تاراق ـ تۇرۇق　　پاژ ـ پۇژ　　لىغىر ـ لىغىر
ۋال ـ ۋۇل　　شىپ ـ شىپ　　قىمىر ـ قىمىر

7) ئىككىنچى تەركىبى بىرىنچى تەركىبىگە قاپىيە ئۇقتىسىدىن ئۇلىنىپ كېلىپ، ئالدىنقى تەركىبنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى سۇسلاشتۇرىدىغان بىرىكمىلەر جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

نان ـ پان　　ئاش ـ پاش　　چاي ـ پاي　　تۇز ـ پۇز
سەل ـ پەل　　ئاز ـ پاز　　لاتا ـ پۇتا　　مايماق ـ سايماق
قارا ـ قۇرا　　ساراڭ ـ سۇرۇڭ

**4. سانلارنىڭ ئىملاسى**

سانلار تېكىست ئىچىدە تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە يېزىلىدۇ.

1) بىردىن ئونغىچە بولغان ساناق سانلار ئېھتىياجغا قاراپ رەقەم ياكى ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر ئادەم　　بىر ساپاق ئۈزۈم　　ئىككى تاۋۇز　　بەش يۈەن ......
6 قەلەم　　8 كىشى　　9 خالتا......

2) دەرىجە سانلار رەقەم بىلەن يېزىلسا، كەينىدىن دەرىجە سان بەلگىسى « ـ » قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1 ـ ئاي　　12 ـ قىسىم　　« 9 ـ دېكابىر » ۋەقەسى　　مىلادىيە 480 ـ يىلى

3) بىرقانچە دەرىجە سان قاتار كەلگەندە، مەيلى ھەرپ بىلەن يېزىلسۇن ياكى رەقەم بىلەن يېزىلسۇن، ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كاماندا ئەزالىرى ......
1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كاماندا ئەزالىرى ......

4) سانلىق مەلۇماتلاردىكى كۆپ خانىلىق ساناق سانلار ئارىلاش يېزىلسا بولىدۇ. رەقەم بىلەن يېزىلغاندا ھەر ئۈچ خانىسىدىن كېيىن بىر تەتۈر پەش « , » قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

154 مىڭ 630 سەر كۆمۈش　　1 مىليون 600 مىڭ يۈەن
154,630 سەر كۆمۈش　　1,600,000 يۈەن

5) ئاددىي كەسىر ۋە ئونلۇق كەسىرلىك سانلارنى ھەرپلىك ياكى رەقەملىك ئىپادە بىلەن يېزىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

سەككىزدىن بەش ياكى $\frac{5}{8}$　　ئوندىن بىر ياكى $\frac{1}{10}$
نۆل پۈتۈن ئوندىن بىر ياكى 0.1　　بىر پۈتۈن يۈزدىن ئالتە ياكى 1.06

6) بىر ئىش ياكى ۋەقەنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بىلەن تاماملىنىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان يىل نامىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنمىسا، ئوتتۇرىغا سىزىق قويۇلۇپ، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. ئەگەر مۇنداق يىل نامىلىرى مىلادىيە ھېسابىدا بولۇپ قالسا، كىچىك سان ئوڭغا، چوڭ سان سولغا يېزىلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقىلىرىدا چوڭ سان ئوڭغا، كىچىك سان سولغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مەھمۇد كاشغەرى (1008 — 1105)　　يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 — 1085)
مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (1499 — 1551)　　نەۋايى (1441 — 1501)
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1896 — 1932)　　تاڭ سۇلالىسى (618 — 907)
ئارىستوتېل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384 — 324)
پىلاتون (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 427 — 347)

7) رىم رەقەملىرىنى ئېھتىياجغا قاراپ سۇلالىلەر، كىتاب بابلىرى ۋە توملىرى، شۇنىڭدەك خىمىيە فورمۇلالىرىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا رىم رەقەملىرىدىن كېيىن ھېچقانداق بەلگە قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

I باب　　V توم　　كاربون IV ئوكسىدى

8) قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان سانلار تولۇق يېزىلغاندىن كېيىن « ـ يىللىق » دېگەن سۆز قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

2007 ـ يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودا يەرمەنكىسى
2008 ـ يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى

9) رەقەم ۋە پىرسەنت بەلگىسى بىلەن يېزىلغان سانلاردىن كېيىن ئەگەر شەخس قوشۇمچىسىنى قوشۇشقا توغرا كەلسە، شەخس قوشۇمچىسى سانلارغا بىۋاستە ئۇلاپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دەپتەرنىڭ 14 ى مېنىڭ، 12 سى سېنىڭ.

ۋەزىپىنىڭ 90% ى ئورۇنلاندى.

10) فورمۇلالار، ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەر سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

$F = am$ (نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى)

$E_k = \frac{1}{2} \times mv^2$ (ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قانۇنى)

11) ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇرچە يېزىلىشى ياكى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ قىسقارتىلغان ھەرپ شەكلى بويىچە يېزىلىشى بولىدۇ. مەسىلەن:

- نۇرنىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا 300 مىڭ كىلومېتىر ياكى نۇرنىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا 300,000km
300 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان چېنىقىش زالى ياكى $300m^2$ كېلىدىغان چېنىقىش زالى

12) پاراگراف بەلگىسى ساندىن كېيىن يېزىلىدۇ. پاراگراف بەلگىسىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

§1 .   §2 .   §3 .   §4 .   §5 .   §6 .   §7.

## Ⅶ بەزى پېئىللارنىڭ ئىملاسى

1. « ئال ـ، بول ـ، چال ـ، سال ـ، قال ـ، كەل ـ» پېئىللىرى ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىدە كەلسە، بۇ پېئىللارنىڭ رەۋىشداش شەكلىدىكى « لى- » ۋە « لۇ- » بوغۇملىرى چۈشۈپ قالىدۇ. ئەسلىي پېئىلدىكى « ئا، ئە » تاۋۇشلىرى « ئې » غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئال ـ + ىپ + دۇر+ مەن = ئاپتىمەن، ئاپتىمىز
ئال ـ + ىپ + دۇر+ سەن = ئاپسەن، ئاپسىز، ئاپتىلا
ئال ـ + ىپ + دۇر + 0 = ئاپتۇ

بول ـ + ۇپ + دۇر+ مەن = بوپتىمەن، بوپتىمىز
بول ـ + ۇپ + دۇر+ سەن = بوپسەن، بوپسىز، بوپتىلا
بول ـ + ۇپ + دۇر + 0 = بوپتۇ

چال ـ + ىپ + دۇر+ مەن = چاپتىمەن، چاپتىمىز
چال ـ + ىپ + دۇر+ سەن = چاپسەن، چاپسىز، چاپتىلا
چال ـ + ىپ + دۇر + 0 = چاپتۇ

سال ـ + ىپ + دۇر+ مەن = ساپتىمەن، ساپتىمىز
سال ـ + ىپ + دۇر+ سەن = ساپسەن، ساپسىز، ساپتىلا
سال ـ + ىپ + دۇر + 0 = ساپتۇ

قال ـ + ىپ + دۇر+ مەن = قاپتىمەن، قاپتىمىز
قال ـ + ىپ + دۇر+ سەن = قاپسەن، قاپسىز، قاپتىلا
قال ـ + ىپ + دۇر + 0 = قاپتۇ

كەل ـ + ىپ + دۇر+ مەن = كەپتىمەن، كەپتىمىز
كەل ـ + ىپ + دۇر+ سەن = كەپسەن، كەپسىز، كەپتىلا
كەل ـ + ىپ + دۇر + 0 = كەپتۇ

2. « ئال ـ، بول ـ، چال ـ، سال ـ، قال ـ، كەل ـ» پېئىللىرى ئۆز مەنىسىدە « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا يەنە مۇشۇ پېئىللار تۇسلۇك مەنە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى شەكلىدە ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدە كەلسە، بۇ ياردەمچى پېئىللار تەركىبىدىكى « لى- » ۋە « لۇ- » بوغۇملىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدىنقى پېئىلدىكى « ئا، ئە » تاۋۇشلىرى « ئې » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىپ ساپتىمەن
ئال ـ + ىپ = ئېلىپ سال ـ + ىپ > ساپ + دۇر + مەن = ساپتىمەن
بولۇپ بوپتۇ
بول ـ + ۇپ = بولۇپ بول ـ + ۇپ > بوپ + دۇر = بوپتۇ
چېلىپ ساپتىمەن
چال ـ + ىپ = چېلىپ سال ـ + ىپ > ساپ + دۇر + مەن = ساپتىمەن
سېلىپ بوپتۇ
سال ـ + ىپ = سېلىپ بول ـ + ۇپ > بوپ + دۇر = بوپتۇ
قېلىپ قاپتىمەن
قال ـ + ىپ = قېلىپ قال ـ + ىپ > قاپ + دۇر + مەن = قاپتىمەن
كېلىپ قاپتىمەن
كەل ـ + ىپ = كېلىپ قال ـ + ىپ > قاپ + دۇر + مەن = قاپتىمەن

3. يۇقىرىدىكى 6 پېئىلنىڭ مۇستەقىل مەنىدە كەلگەن « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلاردىن بەزىلىرى يەنە « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىدە ئۇلىنىپ كەلگەندە، ھەر ئىككى پېئىلنىڭ « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىدە كۆرۈلگەن « لى- » ۋە « لۇ- » بوغۇملىرى چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى « ئا، ئە » تاۋۇشلىرى « ئې » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئال ـ + ىپ = ئېلىپ سال ـ + ىپ = سېلىپ ـــــ ئېلىپ سېلىپ
بول ـ + ۇپ = بولۇپ بول ـ + ۇپ = بولۇپ ـــــ بولۇپ بولۇپ
چال ـ + ىپ = چېلىپ سال ـ + ىپ = سېلىپ ـــــ چېلىپ سېلىپ
سال ـ + ىپ = سېلىپ بول ـ + ۇپ = بولۇپ ـــــ سېلىپ بولۇپ
كەل ـ + ىپ = كېلىپ قال ـ + ىپ = قېلىپ ـــــ كېلىپ قېلىپ

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكى 6 پېئىل مۇستەقىل مەنىدە « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىدە كەلگەندە، ئۇلارغا تۇسلۇك مەنە ئۈچۈن « ئال ـ » پېئىلىنىڭ « پ » لىق رەۋىشداش شەكلى قوشۇلۇپ كەلسە، ھەر ئىككى تەركىبتىكى « لى- » ۋە « لۇ- » بوغۇملىرى چۈشۈرۈلمەي بىرىكتۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۇ پېئىللاردىكى « ئا، ئە » تاۋۇشلىرى « ئې » غا نۆۋەتلەشكەندىن سىرت يەنە بىرىنچى تەركىبنىڭ ئايىغىدىكى « پ » تاۋۇشى « ۋ » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئال ـ + ىپ + ئال ـ + ىپ = ئېلىۋېلىپ
بول ـ + ۇپ + ئال ـ + ىپ = بولۇۋېلىپ
چال ـ + ىپ + ئال ـ + ىپ = چېلىۋېلىپ

سال ـ + ىپ + ئال ـ + ىپ = سېلىۋېلىپ
قال ـ + ىپ + ئال ـ + ىپ = قېلىۋېلىپ
كەل ـ + ىپ + ئال ـ + ىپ = كېلىۋېلىپ

4. ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى « ئا، ئە » قوشۇلغاندىن كېيىن، « ئال ـ » پېئىلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىمكانىيەت تۈسىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى ئىپادىلەنسە، پېئىللارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى « ئا » تاۋۇشى ئۆز پېتى قالىدۇ، « ئە » تاۋۇشى « ئې » غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق شەكلى:

يازـ + ا + ئال ـ + ا + دۇر+ مەن = يازالايمەن
يازـ + ا + ئال ـ + ا + دۇر+ سەن = يازالايسەن
يازـ + ا + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = يازالايدۇ

كەل ـ + ە + ئال ـ + ا + دۇر+ مەن = كېلەلەيمەن
كەل ـ + ە + ئال ـ + ا + دۇر+ سەن = كېلەلەيسەن
كەل ـ + ە + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = كېلەلەيدۇ

بولۇشسىز شەكلى:

يازـ + ا + ئال ـ + ما + ي + دۇر+ مەن = يازالمايمەن
يازـ + ا + ئال ـ + ما + ي + دۇر+ سەن = يازالمايسەن
يازـ + ا + ئال ـ + ما + ي + دۇر + 0 = يازالمايدۇ

كەل ـ + ە + ئال ـ + ما + ي + دۇر+ مەن = كېلەلمەيمەن
كەل ـ + ە + ئال ـ + ما + ي + دۇر+ سەن = كېلەلمەيسەن
كەل ـ + ە + ئال ـ + ما + ي + دۇر + 0 = كېلەلمەيدۇ

5. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى « ي » قوشۇلغاندىن كېيىن «ئال ـ » ( بۇ پېئىل تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى سەۋەبىدىن « ئەل ـ » شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.) پېئىلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىمكانىيەت تۈسىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى ئىپادىلەنسە، سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى « ئا، ئە » تاۋۇشلىرى « ئى » غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق شەكلى

ئىشلە ـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + مەن = ئىشلىيەلەيمەن
ئىشلە ـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + سەن = ئىشلىيەلەيسەن
ئىشلە ـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = ئىشلىيەلەيدۇ

ياسا ـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + مەن = ياسىيالايمەن
ياسا ـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + سەن = ياسىيالايسەن
ياسا ـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = ياسىيالايدۇ

بولۇشسىز شەكلى

ئىشلە ـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + مەن = ئىشلىيەلمەيمەن

ئىشلەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + سەن = ئىشلىيەلمەيسەن
ئىشلەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + 0 = ئىشلىيەلمەيدۇ

ياساـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + مەن = ياسىيالمايمەن
ياساـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + سەن = ياسىيالمايسەن
ياساـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + 0 = ياسىيالمايدۇ

6. يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە ئىمكانىيەت تۇسگە ئىگە بولغان بىر بوغۇملۇق « دە ـ، يە ـ » پېئىللىرىدىكى « ئە » تاۋۇشى « ئې » غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

**بولۇشلۇق شەكلى:**

دەـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + مەن = دېيەلەيمەن
دەـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + سەن = دېيەلەيسەن
دەـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = دېيەلەيدۇ

يەـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + مەن = يېيەلەيمەن
يەـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + مەن = يېيەلەيسەن
يەـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = يېيەلەيدۇ

**بولۇشسىز شەكلى:**

دەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + مەن = دېيەلمەيمەن
دەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + سەن = دېيەلمەيسەن
دەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + 0 = دېيەلمەيدۇ

يەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + مەن = يېيەلمەيمەن
يەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + سەن = يېيەلمەيسەن
يەـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + 0 = يېيەلمەيدۇ

7. « ئوقۇـ، تونۇـ » غا ئوخشاش ئاخىرقى بوغۇمىدا « ئۇ » تاۋۇشى كەلگەن پېئىللارغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى « ي » قوشۇلغاندىن كېيىن « ئال ـ » پېئىلىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىمكانىيەت تۇسىنى بىلدۈرسە، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز ھەر ئىككى شەكىلدە پېئىل يىلتىزىدىكى « ئۇ » تاۋۇشىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

**بولۇشلۇق شەكلى:**

ئوقۇـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + مەن = ئوقۇيالايمەن
ئوقۇـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + سەن = ئوقۇيالايسەن
ئوقۇـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = ئوقۇيالايدۇ

تونۇـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + مەن = تونۇيالايمەن
تونۇـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + سەن = تونۇيالايسەن
تونۇـ + ي + ئال ـ + ا + دۇر + 0 = تونۇيالايدۇ

**بولۇشسىز شەكلى:**

ئوقۇـ + ي + ئال ـ + ما + ي + دۇر + مەن = ئوقۇيالمايمەن

ئوقۇ- + ي + ئال - + ما + ي + دۇر + سەن = ئوقۇيالمايسەن
ئوقۇ- + ي + ئال - + ما + ي + دۇر + 0 = ئوقۇيالمايدۇ

تونۇ- + ي + ئال - + ما + ي + دۇر + مەن = تونۇيالمايمەن
تونۇ- + ي + ئال - + ما + ي + دۇر + سەن = تونۇيالمايسەن
تونۇ- + ي + ئال - + ما + ي + دۇر + 0 = تونۇيالمايدۇ

8. « ئات- » پېئىلى « پ » لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ تۈسنى بىلدۈرسە، « ئەت- » كە ئايلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئالدىنقى پېئىلغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. رەۋىشداشتىكى « پ » تاۋۇشى « ۋ » غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

تاشلا- + پ + ئات = تاشلىۋەت
ياسا- + پ + ئات = ياسىۋەت
ئوقۇ- + پ + ئات = ئوقۇۋەت

9. « بەر- » پېئىلى « ئا، ئە » بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ تۈسنى بىلدۈرۈپ كەلسە، رەۋىشداشلاردىكى « ئا، ئە » تاۋۇشلىرى « ئى » غا ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭدەك « بەر- » پېئىلىدىكى « ب » تاۋۇشى ئۆزىكىدىكى « ئا، ئە » تاۋۇشلىرى « ئې » غا ئۆزگىرىش بىلەن بىرگە پېئىلنىڭ يىلتىز ياكى « ۋ » غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

ياز- + ا + بەر = يېزىۋەر
قاز- + ا + بەر = قېزىۋەر
سات - + ا + بەر = سېتىۋەر
كۆر- + ە + بەر = كۆرۈۋەر
كەس - + ە + بەر = كېسىۋەر
كەت - + ە + بەر = كېتىۋەر

10. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى « ي » قوشۇلغاندىن كېيىن « بەر- » پېئىلى قوشۇلۇپ تۈسنى بىلدۈرگەندە، مەزكۇر « ي » چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ پېئىللار تەركىبىدىكى « ئا، ئە » سوزۇق تاۋۇشلىرى « ئى » غا ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما ئىككىنچى تەركىبتىكى « ب » تاۋۇشى « ۋ » غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

دە- + ي + بەر = دەۋەر
ئىشلە- + ي + بەر = ئىشلەۋەر
ياسا- + ي + بەر = ياساۋەر

## VIII ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

11. « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش » ياردەمچى پېئىللىرى تۇرغۇن سۆزلەردىن كېيىن كەلسە، ئالدىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىدى — كىتاب ئىدى، قىزىل ئىدى، ئالتە ئىدى، شۇنداق ئىدى، .......
ئىكەن — كىتاب ئىكەن، قىزىل ئىكەن، ئالتە ئىكەن، شۇنداق ئىكەن، .......

ئىمىش — كىتاب ئىمىش، قىزىل ئىمىش، ئالتە ئىمىش، شۇنداق ئىمىش، .......

بۇ ياردەمچى پېئىللار پېئىل تىپىدىكى سۆزلەردىن كېيىن كەلسە، ئالدىدىكى تەركىبكە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىدى — ئوقۇغانىدى، بارماقچىدى؛ يېزىۋىدى، يازارىدى، يازسىدى، ........
ئىكەن — ئوقۇغانىكەن، ئوقۇۋىدىكەن؛ بارماقچىكەن؛ يېزىپتىكەن، يازسىكەن، يازىدىكەن، .......
ئىمىش — ئوقۇغانىمىش، بارماقچىمىش، يازارمىش، ........

12. « مۇ، ما، چۇ، غۇ، قۇ، ئا، ئە، زە، لا » ئۇلانمىلىرى سۆز يىلتىزلىرىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. « دە، ھە، يۇ » ئۇلانمىلىرى ئالدىدىكى سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىڭىزمۇ؟ مەنما؟ سىزچۇ؟ مەنغۇ كېلەرمەن. شۇنداققۇ دەيمەن؟
ئېيتىپ بېقىڭا؟ شۇنداق دېگىنە. سەنزە، كېلىپلا، كۆرۈپلا،.......
ئۇ كەلدى - دە، ئولتۇرماي كەتتى.
شۇنداق ئويلاپسەن - دە. كۆرۈپسەن - دە. سەنمۇ يېزىپسەن - دە.
باردۇق - ھە. كۆردۇق - ھە كەتتۇق - ھە.
كەلدى - يۇ كەتتى. باردى - يۇ ئالدى.

13. « بىلەن، ۋە، ھەم، ھەمدە، ئۈچۈن، ياكى، يا، بەلكى، چۈنكى، يەنى، ئارقىلىق، ئارقىسىدا، توغرۇلۇق، توغرىسىدا، ئەمما، بىراق، ...... » قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى ۋە ئارقىسىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بىلەن سەن مەن ۋە سەن مەن ھەم سەن
سېنىڭ ئۈچۈن سەن توغرۇلۇق مەن ياكى سەن

14. سۆپەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، سۆپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان « پ » بىلەن ئاياغلاشقان تەركىبلەر سۆپەتكە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاپئاق، ئاپئاشكارا، كۆپكۆك، سىپسىلىق، قىپقىزىل، دۈپدۈملاق، قاپقارا، ياپيېشىل،

## IX باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

**1. خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى**

1) خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغان سۆزلەر ئۆزلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

گاڭپەن، سومەن، خوشاڭ، پىنتوزا، يۇتازا، ......

2) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى « zh, ch, sh, c » تاۋۇشلىرى ئۇيغۇرچىدا « ج، چ، ش، س » ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو Zhong guo 中国

| | | |
|---|---|---|
| 长沙 | Chang sha | چاڭشا |
| 上海 | Shang hai | شاڭخەي |
| 曹操 | Cao cao | ساۋ ساۋ |

3) خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى تاق يۈنمۇ « a, o, i, e » ھەم قوشما يۈنمۇ « ua, ang, uang eng, en, ing, in » لار پۈتۈڭخۇا تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 渤海 | Bo hai | بوخەي |
| 声母 | sheng mu | شېڭمۇ |
| 李世民 | Li shi min | لى شىمىن |
| 峨眉山 | Emei shan | ئېمېيشەن |
| 河南 | He nan | خېنەن |
| 新疆 | Xin jiang | شىنجياڭ |
| 星星峡 | Xing xing xia | شىڭشىڭشيا |
| 方针 | Fang zhen | فاڭجېن |
| 郑州 | Zheng zhou | جېڭجۇ |
| 华夏 | Hua xia | خۇاشيا |
| 广州 | Guang zhou | گۇاڭجۇ |

4) خەنزۇ تىلى پۈتۈڭخۇاسىدىكى تاق يۈنمۇ « u » بىلەن قوشما يۈنمۇ « uan, un » لاردىكى « u » نىڭ يېزىلىشى تۆۋەندىكىچە:

(1) « u » تاق يۈنمۇسى « q, x, y » شېڭمۇلىرى بىلەن كەلگەندە « ئۈ » يېزىلىپ، باشقىلىرىدا « ئۇ » يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 许国璋 | Xu guo zhang | شۈ گوجاڭ |
| 徐州 | Xu zhou | شۈجۇ |
| 焦裕禄 | Jiao yu lu | جياۋ يۈلۇ |
| 愚公 | Yu gong | يۈ گۇڭ |

(2) قوشما يۈنمۇ « un » تەركىبىدىكى « u » ئۇيغۇرچىدا « ئۈ » يېزىلىدۇ. قوشما يۈنمۇ « uan »، « g, h, k » شېڭمۇلىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، تەركىبىدىكى « u » ئۇيغۇرچىدا « ئۇ » يېزىلىدۇ. « g, h, k » شېڭمۇلىرىدىن باشقا شېڭمۇلارغا قوشۇلۇپ كەلسە « ئۈ » يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 韵母 | yun mu | يۈنمۇ |
| 鲁迅 | Lu xun | لۇ شۈن |
| 关文钊 | Guan wen zhao | گۇەن ۋېنجاۋ |
| 嘉峪关 | Jia yu guan | جيا يۈگۇەن |
| 李瑞环 | Li rui huan | لى رۈيخۇەن |
| 宽 | Kuan | كۇەن (فامىلە) |

5) خەنزۇ تىلى پۈتۈڭخۇاسىدىكى ئايرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن قوشما يۈنمۇ « ou » تەركىبىدىكى « u » تاۋۇشى، قوشما يۈنمۇ « ao, iao » دىكى « o » تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا « ۋ » غا يېقىن تەلەپپۇز

قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىملادا « ۋ » يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 欧阳修 | ou yang xiu | ئوۋياڭ شيۇ |
| 周恩来 | Zhou en lai | جوۋ ئېنلەي |
| 毛泽东 | Mao ze dong | ماۋ زېدۇڭ |
| 焦裕禄 | Jiao yu lu | جياۋ يۈلۇ |
| 奥门 | Ao men | ئاۋمېن |
| 曹操 | Cao cao | ساۋ ساۋ |

6) خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تاق يۈنمۇلىرى ئىچىدە « o » تاۋۇشى ئەگەر ئوچۇق بوغۇم ھالەتتە قالسا، ئۇيغۇرچىدا « ئو » يېزىلىدۇ. يېپىق بوغۇم ھالەتتە قالسا، « ئۇ » يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 渤海 | Bo hai | بوخەي |
| 宁波 | Ning bo | نىڭبو |
| 漠河 | Mo he | موخې |
| 鄱阳 | Po yang | پوياڭ |
| 山东 | Shan dong | شەندۇڭ |
| 重庆 | Chong qing | چۇڭچىڭ |
| 中华 | Zhong hua | جۇڭخۇا |
| 公社 | gong she | گۇڭشې |

7) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدا « uai ,ai ,uan ,ian ,an » يۈنمۇلىرىدىكى « a » تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدىكى « ئە » تاۋۇشىغا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىملادا « ئە » يېزىلىدۇ. بۇلاردىكى ئاخىرقى تاۋۇش ياكى ئۆتكۈنچى تاۋۇش بولۇپ كېلىدىغان « i » تاۋۇشى ئۇزۇك تاۋۇش « ي » غا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىملادا « ي » يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 天津 | Tian jin | تيەنجىن |
| 兰州 | Lan zhou | لەنجۇ |
| 山海关 | Shan hai guan | شەنخەيگۇەن |
| 长江 | Chang jiang | چاڭجياڭ |
| 淮河 | Huai he | خۇەيخې |

8) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى قوشما يۈنمۇ « uo » ئۇيغۇرچىدا « ئو » بىلەن، « ue » ئۇيغۇرچىدا « ئۆ » بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 国务院 | guo wu yuan | گوۋۇيۈەن |
| 岳飞 | Yue fei | يۆ فېي |
| 张学良 | Zhang xue liang | جاڭ شۆلياڭ |

9) خەنزۇچە كىشى ئىسىملىرىدا فامىلە بىلەن ئىسىم ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 毛泽东 | Mao ze dong | ماۋ زېدۇڭ |

焦裕禄 Jiao yu lu جياۋ يۇلۇ

**2. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى**

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ، يەنى ئالدىنقىسى جاراڭسىز، كېيىنكىسى جاراڭلىق ياكى ھەر ئىككىلىسىلا جاراڭلىق ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسىلا جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش « س » ياكى « ش » لار ئۇزىدىن كېيىن باشقا جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلگەندە، سۆز بېشىغا « ئى » قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىستىل، ئىسفېرا، ئىستاتىك، ئىستۇدىيە، ئىسپورا، ئىسكىرىپكا،
ئىسكىلات، ئىشتاپ، ئىشتات، ئىشتانكا، ئىشكالا، ......

2) « س، ش » دىن باشقا ئىككى جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش سۆز بېشىدا قاتار كەلسە، بۇ ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئارىسىغا « ئى » قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پىتومائىن، پىتېروكارىيە، فىتور، .........

3) « س، ش، پ، ت، خ، ف، ك » قاتارلىق جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلار ئۆزلىرىدىن كېيىن « ر، ل، م » قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلسە، بۇ ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئارىسىغا « ئى » قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پىراكتىكا، پىروگىرامما، پىرولېتارىيات، تىراكتور، تىراگېدىيە، خىروم، خىرۇستال،
خىرىستىيان، فىرانك، فىرانسۇز، سىلانېتس، سىمولا، شىلانكا، كىران، كىلاسسىك

4) ئىككى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش بىرىكىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلسە، بۇ ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئارىسىغا « ئى » قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بىراخما، بىرىتىۋا، بىرىلىيانت، بىروم، بىرونېۋىك، دىراپ، دىراما، دىراۋىد،
گىراماتىكا، گىرام، ......

5) رۇس فامىلىلىرىدىكى « ـئوۋ، ـئېۋ، ـيېۋ » قوشۇمچىلىرىدىكى « ۋ » تاۋۇشى « ف » بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرگېنېف لېف نىكولايېۋىچ تولستوي ھېيدەروف نېكراسوف

## X قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1. يەككە ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ج خ ج ــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
ج ك پ ــ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسى

ج خ ئى ـــ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى
ش ئۇ ئا ر ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

2. بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پارتكوم ـــ پارتىيە كومىتېتى　　ئوبكوم ـــ ئوبلاستلىق كومىتېت
تىلكوم ـــ تىل - يېزىق كومىتېتى

3. كىشى ئىسىم - فامىلىلىرىنىڭ قىسقارتىلغان ھەرپىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

م . كاشغەرىي (مەھمۇد كاشغەرىي)　　ل . مۇتەللىپ (لوتپۇللا مۇتەللىپ)
ئا . ت . ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم تىلەش ئۆتكۈر)　　ئا . نىزارىي (ئابدۇرەھىم نىزارىي)

4. خەلقئارادا ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ قوللىنىش ئادەتلىنىپ كەتكەن قىسقارتىلغان سۆزلەر تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغاندا، خەلقئارادىكى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| WTO | دۇنيا سودا تەشكىلاتى |
| GDP | ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى |
| BBC | ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى |
| KGB | دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى |
| VCD | ۋىدىيولۇق ئوپتىكىلىق دىسكا |
| DVD | رەقەملىك ۋىدىيولۇق دىسكا |
| CD | ئوپتىكىلىق دىسكا |

5. خەلقئارادا ھەرپ بويىچە قىسقارتىلىپ بوغۇم تەشكىل قىلالايدىغان سۆزلەر تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغاندا، ئىملادا قىسقارتىلغان لاتىن ھەرپى بويىچە يېزىشقىمۇ ياكى ئۇيغۇرچە يېزىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| OPEC | ياكى | ئوپېك |
| SARS | ياكى | سارس |
| AIDS | ياكى | ئەيدىز |
| DOS | ياكى | دوس |
| ROM | ياكى | روم |
| RAM | ياكى | رام |

6. بىر قىسىم خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ناملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ب د ت | بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى |
| ش ئا ئە ت | شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى |
| م د ب | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى |
| ئو ت م | ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى |

7. خەلقئارادا قىسقارتىپ يېزىپ كېلىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇرچە يەككە ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ يېزىلىدۇ. ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| س م | سانتىمېتىر |
| ك م | كىلومېتىر |
| ك ل | كىلولىتىر |
| ك ۋ | كىلوۋات |
| م گ | مىللىگرام |
| م م | مىللىمېتىر |

## XI قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى

1. قوشۇمچىلار سۆز يىلتىزىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

چىراي + لىق = چىرايلىق    ئۆي + دىن = ئۆيدىن    كىتاب + خانا = كىتابخانا

2. ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم ئەسلىي سۈپەت سۆزلەرگە ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە « ي » قوشۇپ يېزىلىدۇ. مۇنداق سۈپەتلەر ئەگەر ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنسە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ئوخشاشلا ئاخىرىغا « سى » قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| بەدىئىي، مەنپىي، | ئاددىي، مەخپىي، | سەممىي، |
| ئىجابىي، ئىجابىيسى | سەلبىي، سەلبىيسى | تەبىئىي، تەبىئىيسى |
| ئالىي، ئالىيسى | ئەشەددىي، ئەشەددىيسى | تەپسىلىي، تەپسىلىيسى |

3. پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە قوشۇلىدۇ.
« ل، م، ن، ز، گ، غ، ڭ، ي » بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا « ـدۇر، ـدۈر » قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| چاڭ ـ چاندۇر ـ ... | قون ـ قوندۇر ـ .. . | بۇز ـ بۇزدۇر ـ ... |
| ئەز ـ ئەزدۈر ـ ... | چىڭ ـ چىڭدۇر ـ ... | تۈگ ـ تۈگدۈر ـ ... |
| بوغ ـ بوغدۇر ـ ... | تۇغ ـ تۇغدۇر ـ . .. | ماڭ ـ ماڭدۇر ـ ... |
| توڭ ـ توڭدۇر ـ ... | كۆي ـ كۆيدۈر ـ . .. | قوي ـ قويدۇر ـ ... |
| ئال ـ ئالدۇر ـ ... | قال ـ قالدۇر ـ .. . | يۇم ـ يۇمدۇر... |

**ئەسكەرتىش:**
تۆۋەندىكى سۆزلەر يۇقىرىدىكى قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن:

كەل ـ كەلتۈر ـ ...    ئۆل ـ ئۆلتۈر ـ ...    سۇن ـ سۇنغۇز ـ ... (تاماق)

تۆۋەندىكىلەرگە ئىككى خىل قوشۇمچە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تام ـ تېمىت ـ ... ، تامدۇر ـ ...    ئاق ـ ئېقىت ـ ... ، ئاقتۇر ـ ... ،
ئەم ـ ئېمىت ـ ... ، ئەمدۈر ـ ...

4. « س، ق، ك، پ » بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا «ـتۇر، ـتۈر» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئاس ـ ئاستۇر ـ ... ، | باس ـ باستۇر ـ ... ، | كەس ـ كەستۈر ـ ... ، |
| باق ـ باقتۇر ـ ... ، | قاق ـ قاقتۇر ـ ... ، | ياق ـ ياقتۇر ـ ... ، |

چەك ـ چەكتۇر ـ ... ،    بىرىك ـ بىرىكتۇر ـ ... ،    زىرىك ـ زىرىكتۇر ـ ...
ياپ ـ ياپتۇر ـ ... ،    قوپ ـ قوپتۇر ـ ... ،    كۆپ ـ كۆپتۇر ـ ... ،

**ئەسكەرتىش:**
تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

قورق ـ قورقۇت ـ ... ،    چىق ـ چىقار ـ ... ،    قوپ ـ قوپۇر ـ ... (تام) ،
قىس ـ قىسقۇز ـ ... ( « قىستۇر ـ » دىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ)،

5. « ش » بىلەن ئاياغلاشقان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرگە « ـۇر، ـۈر » قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئاش ـ ئاشۇر    تاش ـ تاشۇر    پۇش ـ پۇشۇر
پىش ـ پىشۇر    چۈش ـ چۈشۈر

**ئەسكەرتىش:**
تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

يەش ـ يەشتۈر    تەش ـ تەشتۈر    ئەش ـ ئەشتۈر

6. « ر » بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللار ھەم « ت » بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنى مەجبۇرىي دەرىجىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن « ـغۇز، ـقۇز، ـگۈز، ـكۈز » قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. شۇنىڭدەك « ت، دۇر، تۇر، دۈر، تۈر » بىلەن ئىپادىلەنگەن مەجبۇرىي دەرىجىلەرنى ئىككى قاتلاملىق مەجبۇرىي دەرىجىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ « ـغۇز، ـقۇز، ـگۈز، ـكۈز » قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئات ـ ئاتقۇز ـ ... ،    تارت ـ تارتقۇز ـ ... ،    ئارت ـ ئارتقۇز ـ ... (يۈك)،
ئەۋەت ـ ئەۋەتكۈز ـ ... ،    قات ـ قاتقۇز ـ ... ،    يۇت ـ يۇتقۇز ـ ... ،
يەت ـ يەتكۈز ـ ... ،    پۈت ـ پۈتكۈز ـ ... ،    ئۆچۈر ـ ئۆچۈرگۈز ـ ... ،
بەر ـ بەرگۈز ـ ...،    تەر ـ تەرگۈز ـ ... ،    كەلتۈر ـ كەلتۈرگۈز ـ ... ،
بار ـ بارغۇز ـ ...،    ھار ـ ھارغۇز ـ ... ،    كۆيدۈر ـ كۆيدۈرگۈز ـ ... ،
ئىشلەت ـ ئىشلەتكۈز ـ ... ،    ئايلاندۇر ـ ئايلاندۇرغۇز ـ ... ،

**ئەسكەرتىش:**
تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

ئارت ـ ئارتتۇر ـ ... (ۋەزىپە)،    قات ـ قاتۇر ـ ... (مۇز)،
يىت ـ يىتتۇر ـ ... (بىر نەرسىنى)،    قايت ـ قايتۇر ـ ... ،

7. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللار ۋە « ر، ي » بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى « ت » قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياسا ـ ياسات ـ ... ،    جابدۇ ـ جابدۇت ـ ... ،    قىزى ـ قىزىت ـ ... ،
قاپار ـ قاپارت ـ ... ،    كۆكەر ـ كۆكەرت ـ ... ،    چاقىر ـ چاقىرت ـ ... ،
ئازاي ـ ئازايت ـ ... ،    كۆيدۈر ـ كۆيدۈرگۈز ـ ... ،    ماكچاي ـ ماكچايت ـ ... ،

**ئەسكەرتىش:**
تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| دە- دېگۈز- ... ، | يۇ- يۇغۇز- ... ، | يە- يېگۈز- ... ، |
| ئولتۇر- ئولتۇرغۇز- ... ، | ئاپار- ئاپارغۇز- ... ، | ئەكىر- ئەكىرگۈز- ... ، |

8. « چ » بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى « -ئار، -ئۇر، -ئۈر » قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ - ئاچۇر- ... ، | قاچ - قاچۇر- ... ، | كەچ - كەچۈر ... ، |
| ئۇچ - ئۇچۇر- ... ، | ئۆچ - ئۆچۈر- ... ، | كۆچ - كۆچۈر- ... ، |

**ئەسكەرتىش:**

« چاچ - » پېئىلى بىلەن « پىچ - » پېئىلى بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ، « چاچتۇر- »، « پىچتۇر- » شەكلىدە كېلىدۇ.

## XII بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى

1. قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈلىدۇ. بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىشلەپچىقى - | تىرىشى - | ئوقۇ- | تەرەق - |
| رىش | چانلىق | غۇچىلار | قىيات |

2. رەقەم بىلەن يېزىلغان سانلار قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنى پارچىلاپ ئىككىنچى قۇرغا بۆلۈپ كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

| توغرىسى | خاتاسى |
|---|---|
| 2008 - يىلى | 20 - |
| ................ | 08 - يىلى |
| 336,520 جىڭ | 520 - |
| .................... | 336 جىڭ |

3. ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەرنى بۆلۈپ ئىككىنچى قۇرغا يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

| توغرىسى | خاتاسى |
|---|---|
| ش ئۇ ئا ر نىڭ يەر مەيدانى | ش ئۇ- |
| | ئا ر نىڭ يەر مەيدانى |

## XIII تىنىش بەلگىلەر

| | | |
|---|---|---|
| چېكىت . | پەش ، | سوئال بەلگىسى ؟ |
| ئۈندەش بەلگىسى ! | تىرناق () | يالاڭ تىرناق 〈〉 |
| قوش تىرناق « » | چوڭ تىرناق [ ] | چېكىتلىك پەش ؛ |
| قوش چېكىت : | سىزىقچە - | سىزىق — |
| كۆپ چېكىت ...... | قوش پەش ” “ | |

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى

## 1. تەلەپپۇز قائىدىسى ھەققىدە

تەلەپپۇز قائىدىسى توغرا سۆزلەش قائىدىسى دېگەنلىكتۇر. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەلەپپۇز قائىدىسى مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئالاقە قىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ شۇ تىلدىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ نۇتۇقتا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسىدۇر.

تىلنىڭ ئىملا قائىدىسى بىلەن تەلەپپۇز قائىدىسى تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى ئىككى مۇھىم قائىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىملاسى بىلەن تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىك. ئىملانىلا قېلىپلاشتۇرۇپ، تەلەپپۇز تاشلاپ قويۇلسا، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئىملا قائىدىسى مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلسە، تەلەپپۇز قائىدىسى ئەدەبىي تىلنىڭ ئېغىزچە شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. تىلدا ئالاقىلىشىش شارائىتىنىڭ ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تىلنى بۇ ئىككى جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بەلگىلىگەن.

## 2. هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ۋە ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى ھەققىدە

مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە شۇ تىلغا تەۋە بولغان دىيالېكتلاردىن بىرسى ئاساس بولىدۇ. قايسى دىيالېكتنىڭ ئاساس بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ئەمەس، بەلكى شۇ دىيالېكتنىڭ شۇ تىل قوللىنىلىۋاتقان جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر مەلۇم دىيالېكت رايونى شۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولسا ۋە شۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپ بولسا، بۇ دىيالېكت شۇ جەمئىيەتتە ئەڭ مۇھىم ھېسابلىنىپ، ئەڭ تەسىرچانلىقتا، ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى دېگەندە ئۈرۈمچى، ئىلى، تۇرپان، قومۇل، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە مۇشۇ رايونلارغا قاراشلىق ناھىيەلەردە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز بۇ رايونلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەركىزىي رايونلار ئىكەنلىكىگە قاراپ، بۇ دىيالېكتنى مەركىزىي دىيالېكت دەپ ئاتىدۇق.

مەركىزىي دىيالېكت رايونىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرىدىكى رايونلار تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە مەركەز بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار پۈتۈن ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. كۆلەم جەھەتتە، بۇ دىيالېكت رايونى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ شەرتلەر ئاساسىدا مەركىزىي دىيالېكت هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا.

بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان دىيالېكتتا ئالاقە قىلىشىدىغانلارنىڭ تەلەپپۇزى ئومۇمەن ئالغاندا شۇ تىلنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۆلگىلىك رول ئوينايدۇ ۋە شۇ تىلنىڭ

ئەدەبىي تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولالايدۇ.

گەرچە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ تەلەپپۇزى مۇشۇنداق مۇھىم رولغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي دىيالېكت ئىچىگە كىرىدىغان ھەر قايسى شېۋىلەر ئارا بەزى فونېتىكىلىق پەرقلەر بولغانلىقى ئۈچۈن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنى بېكىتىشتە مەركىزىي دىيالېكت تەۋەسىدىن شۇ دىيالېكت رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان، نىسبەتەن ئۆلچەملىك بولغان تەلەپپۇز رايونىنى تاللاپ چىقىش لازىم بولىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان دىيالېكتنىڭ مەركىزىي دىيالېكت ئىكەنلىكى ۋە نىسبەتەن ئۆلچەملىك بولغان تەلەپپۇز رايونىنىڭ ئۈرۈمچى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

**ئەل يىغمىش** دېڭىزچى، ياشىغان دەۋرى: ؟ — 1314. 1272 ـ يىلىدىن 1294 ـ يىلىغىچە قۇبلايخاننىڭ

بۇيرۇقى بويىچە سودا قىلۇتىنى باشلاپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا 5 قېتىم بارغان (بۇ جىڭخېدىن 130 يىل ئىلگىرىدۇر).

**ئەمىر ئەمىن قۇربانبەگ** ئەدەبىي لەقىمى: خەزانەچى، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 17 — 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن

تەرجىمە ئەسىرى: «تارىخى خەزانەچى» (پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ۋاقتى: 1706 — 1707)

**ئەمىر هۈسەيىن** (ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس). ئەدەبىي لەقىمى: سەبۇرىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىر

ئەسەرلىرى: 1. «دىۋانى سەبۇرىي» 2. «مەقالات» (يېزىلغان ۋاقتى: 1842 — 1843)

**ئەمرىي** (ئىسىم، فامىلىسى مەلۇم ئەمەس). ئەدىب، ياشىغان دەۋرى: 16 ئەسىر. يۇرتى: خوتەن

ئەسەرلىرى: 1. «دىۋانى ئىبرفان ئەمىرى فەرغانە» 2. «غەزەللەر» (بايازغا كىرگۈزۈلگەن)

**ئەنساڭ ( زاياداس )** ئەدەبىي لەقىمى: گوباۋ (ئەل گۆھىرى). تەرجىمان. تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: ؟ — 1293. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسار

تەرجىمە ئەسەرلىرى:

1. «نەسىرنامە. ئارامسىزلىق» 2. «جىنگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار» دىكى «ئىبرەتنامە» 3. «نەسىرنامە» 4. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 5. «داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى» 6. «ئۇسۇملۇك دورىلار قامۇسى» 7. «ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم بىتىك» ئىچىدىكى «ئارياتراتا بودداھاماترىكا ۋىمساتى پۇگا ستوتراسۇترا» 8. «ئاغىلىق نوملار ھەققىدە ئېيتىلغان پەند ـ نەسىھەتلەر توپلىمى» (10 توم).

**ئەھمەد باقى خوجامنىياز ئوغلى** ئەدەبىي لەقىمى: قوسۇرىي، ئەدىب، تەرجىمان، ياشىغان دەۋرى: 1750 — 1827. يۇرتى: پىچان — لۈكچۈن

ئەسەرلىرى: 1. «رەۋزەتۇززۇھرا» (يېزىلغان ۋاقتى 1782) 2. «قەسىدەئى بۇردىيە» 3. «تارىخى ئەسھابۇلكەئف» (ئەرەبچىدىن تەرجىمە)

**ئەھمەدشاھ بىننى مۇبارەكشاھ قاراقاشى** ئەدىب، ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1740 ~ 1750 ~ 1828. يۇرتى: خوتەن — قارىقاش

ئەسەرلىرى: 1. «سالامنامە» (نەزەر مۇفتىغا خەت) 2. «پۇل» 3. «مېۋىلەر ۋەسفى» 4. «قىچىشقاق» 5. «شاھ پولو» 6. «دوغاق» 7. «ھەزرەت»

**ئەھمەدى** (ئىسىم، فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 15 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «سازلار مۇنازىرىسى»

**ئەھمەد يەسەۋى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: ؟ — 1166. يۇرتى: سايرام — يەسى

ئەسىرى: «دىۋانى ھىكمەت»

**ئەھمەد يۈكنەكى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 12 — 13 ـ ئەسىر. يۇرتى: يۈكنەك

ئەسىرى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»

**بەدرىددىن سوفى ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد ئىمن بىننى كىپەك** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «شىفائۇلقۇلۇب» (ئۇيغۇرچە)

**بۇيان بۇقاتېگىن** ئەدىب، رەسسام، پۇتۈكچى، سەنئەتكار. ياشىغان دەۋرى: ? — 1359. يۇرتى: تۇرپان — قوچۇ

ئەسەرلىرى: 1. «خۇاڭشەن» (شېئىر، چىلۇي ۋەزنىدە يېزىلغان) 2. «گۇڭبى بىلەن سىزىلغان ئەجدىھا» (بۇ رەسىم «تۇخۇي باۋجيەن» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.)

**بىلەنناشەلى** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: ? — 1332. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسار

تەرجىمە ئەسەرلىرى: 1. «ئۇلۇغ بۇرھان تۆپۈسى سۇدۇر (لېڭيەنجىڭ)» 2. «ماھايانا ۋيۇھاراتنا پارامىتا سۇترا» 3. «گاندھا پراجنا سۇترا» 4. «ماھاپارى نىرۋان تېگمە ئۇلۇغ تولۇن ئايرىلمىش ئاتلىغ سۇدۇر» 5. «ئۇ-لۇغ كۆلۈڭكۈ بۇيان سۇدۇر ئۆگدىسى» 6. «ئاجايىپ ديانا ۋىپا شيانا سۇترا»

**بيەلىشا** ئەدەبىي لەقىمى: يەنچېڭ ~ يەنچېن، ئەدىب. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسار، كېيىن نەنچاڭغا كۆچۈپ بارغان.

ئەسەرلىرى: 1. «شىخۇ بامبۇكىغا بېغىشلىما» (شۇ ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىر)
2. «خەنيەندە قونۇپ قېلىش» («يۈەن دەۋرى شېئىرلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىر)

**بيەن لۇ** پۇتۈكچى، رەسسام، ئەدىب، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسار، كې-يىن كۇچاغا كۆچكەن.

ئەسەرلىرى:

رەسىملىرى: 1. «بامبۇكزارلىقتىكى توز قىرغاۋۇل» 2. «زىمىستاندىكى قارغىلار» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن) 3. «قومۇشلۇقتىكى تۇرنا» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن) 4. «سىياھ بىلەن سىزىلغان مودەنگۈل» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن)

شېئىرى: « ‹شىخۇ بامبۇكى› دېگەن شېئىرغا بېغىشلىما»

**پرتانراكشت** ئەدەبىي لەقىمى: كىرماۋاژىك، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 8 — 9 ـ ئەسىر

تەرجىمە ئەسىرى: «مايترى سىمىت» (توخرى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە)

**تاتاتوڭا** مائارىپچى، تىلشۇناس، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياشىغان. يۇرتى ئېنىق ئەمەس. چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ھەرقايسى بەگلەرگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن ۋە شۇ يېزىق ئارقىلىق موڭغۇل تىلى خاتىرىلەنگەن. كېيىنچە بۇ يېزىق ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقى شەكىللەن-گەن.

**تۇردى نازىم (تۇردۇش ئاخۇن)** ئەدەبىي لەقىمى: غەرىبىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1802 — 1862. يۇرتى: قەشقەر

ئەسەرلىرى: 1. «كىتابى غەرىب» (يېزىلغان ۋاقتى 1841 — 1842) 2. «بەھرام گور»

**تىلەۋۇش** ئەدەبىي لەقىمى: شوۋجى، ئەدىب. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. يۇرتى: بەشبالىق — جىمىسارنىڭ

ئەسىرى: «تاغقا بەش قېتىم قاراش» ناملىق شېئىر

**جەمال قارشى (ئەبۇلفەزل بىننى مۇھەممەد، بىننى ئۆمەر، بىننى خالىد)** ئەدىب، تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1230 — 1310. يۇرتى: ئىلى — قەشقەر.

ئەسىرى: «مۇلھەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» (بۇ ئەسەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن)

**جەمالىددىن ئاقسارايى** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 13 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن ـ قارىقاش

ئەسىرى: «تىببى ئاقسارايى»

**جەمالىددىن مەۋلەۋى بىننى داموللا ھاجى** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 1817 — 1902. يۇرتى: كۇچا

ئەسىرى: «ئاب ۋە ئاتەشنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى رولى»

**جى چېڭفۇ** سەنئەتكار، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. يۇرتى: تۇرپان.

شېئىر ۋە مۇزىكىسى بىلەن بىللە ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى: 1. «رەڭدار جۇملىلىك شېئىرلارنىڭ داۋامى» 2. «جىنيۈ ئوردىسىدىكى قەلبداش باش ئەلاچىلار»

**چۈەن فۇيەن شەلى** ئەدەبىي لەقىمى: زىرىن، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: ? — 1358. يۇرتى: تۇرپان

ئەسىرى: «شاختىكى غورا» (شېئىرى ئەسەر) قالغان ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

**چىنەن قايا** ئەدىب، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان، يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسىرى: «ۋۇيى شەن» (داستان، «ۋۇيى شەن تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن.)

**چيەسۈن ~ چيە بەيلياۋ** ئەدىب، ياشىغان دەۋرى: 14ـ ئەسىر. يۇرتى: تۇرپان

ئەسەرلىرى: 1. «خۇەن سىجەي سىرلىرى» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن) 2. «تاغ يامغۇرى» (شېئىر)

**چيەن شەن** (يەنە بىر ئىسمى: ناشىڭ) ئەدىب. ئەدەبىي لەقىمى: يىجى. ياشىغان دەۋرى: 1310 — 1368. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بولۇپ، قارلۇق قەبىلىسىدىن.

ئەسەرلىرى: 1. «جىننەي شېئىرلار توپلىمى» 2. «چيەنگاڭدىكى شېئىرلار توپلىمى» 3. «خېيشودا قەدىمكى يادىكارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش خاتىرىسى» 4. «كۆكتۈڭ تېغىغا چىقىش» 5. «سەنفېڭشەن ناخشىسى» 6. «ئۆتكەلدىكى بەش كۆي»

**خوجا ئابدۇللەتىف بىننى خوجا ئابدۇلخالىق** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر.

ئەسىرى: «زۇبدەتۇلمەسائىل مىن خۇلاسەتۇررەسائىل»

**خوجا بۇزۇرگ** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 19 — 20 ـ ئەسىر. يۇرتى: كۇچا

ئەسىرى: «تەزكىرەئى ئەرشىدىن ۋەلى». (يېزىلغان ۋاقتى: 1905)

**خوجارەھىم ئاخۇن** تېۋىپ، ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر، يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: 1. «تىببى چولڭ» 2. «مەخزەنىلفەرائىد»

**خوجاسىددىق بىننى خوجا يەئقۇب** ئەدەبىي لەقىمى: فۇتۇھىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1717 — 1756.

ئەسىرى: «دىۋانى فۇتۇھىي»

**خوجا يەئقۇب بىننى دانىيال** ئەدەبىي لەقىمى: ئەرشىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1685 — 1755 — 1756. يۇرتى: خوجەند — يەركەن

ئەسىرى: «دىۋانى ئەرشىي»

**خۇشھال** (ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس) ئەدەبىي لەقىمى: غەرىبىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 - ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر (جاھانگىر خوجا يېڭىلىمىدىن كېيىن قوقەندگە چىقىپ كەتكەن).

ئەسىرى: «كۇللىيات غەرىبىي». (يېزىلغان ۋاقتى: 1845)

**خىسلەت** (ئىسىم، فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1785 — ؟. يۇرتى: قەشقەر — قوقەند

ئەسىرى: «مۇشۇك ۋە چاشقان قىسسەسى»

**دالى ما بوۋىسىنىڭ** ئىسمى: ساجىس، مەشھۇر دورىگەر ۋە بىناكار. ياشىغان دەۋرى 13 — 14 ئەسىر. يۇرتى: تۇرپان

دالى ما يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر دورىگەر ۋە بىناكار. ئۇ 1335 - يىلى خانىنىڭ ئەمرى بويىچە «چىپ شىڭ تاڭ» ئوردىسىنى رېمونت قىلىشقا نازارەتچىلىك قىلغان.

**دىلبەر دورغا** ئەدىب، ياشىغان دەۋرى 19 - ئەسىر، يۇرتى: خوتەن — قارىقاش

ئەسىرى: «مەزلۇملار ئاھى» ( 21 كۇبلېتتىن ئىبارەت مۇخەممەس، يېزىلغان ۋاقتى 1844 )

**دادۇلۇ** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 14 - ئەسىر. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسار

ئەسىرى: «ۋۇئەنجۇن بۇتخانىسى» (چىلۇي ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر)

**راھىلە** ئەدىب، پۇتۇكچى. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1860 — 1917. يۇرتى: قەشقەر — ئاتۇش

ئەسىرى: «دەلايىلۇلئۇلۇم»

**رەشىدى** (ئىسىم - فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 19 - ئەسىر. يۇرتى: خوتەن — چىرىيە

ئەسىرى: «تەزكىرەئى ئىمامى جەئفەرى تەيران»

**زاھىرىددىن مۇھەممەد** ئەدەبىي لەقىمى: بابۇر. تارىخشۇناس، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1483 — 1530. يۇرتى: سەمەرقەند

ئەسەرلىرى: 1. «بابۇرنامە» 2. «مۇبەييىنۇلئىسلام» 3. «مۇختەسەر» (ئەرۇز رىسالىسى)

**زوھۇرىددىن** ئەدەبىي لەقىمى: زوھۇرى، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 - ئەسىر. يۇرتى: تۇرپان

ئەسىرى: «دىۋانى زوھۇرى»

**زۇلەيخا بېگىم** (ئايال)، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر، يۇرتى: قەشقەر

تەرجىمە قىلغان ئەسىرى: «ھافىز شىرازىينىڭ 12 غەزىلى»

**ساتىلمىش** (ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس) تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 13 — 14 ـ ئەسىر. يۇرتى: بەشبا ـ لىق — جىمسار

ئەسىرى: «بامبۇكزار سارايدىكى مۇجەررەب نۇسخىلار»

**سادۇلا بىننى ئۇلاچى بىننى سارابۇقا** ئەدىب، رەسسام، ئەدەبىي لەقىمى: تىيەنشى. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: ئەسلى غەربىي دىيار بولۇپ، ئاپتور سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنمېن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان.

شېئىرىي ئەسەرلىرى: 1. «يەنمېن توپلىمى» ( بۇ توپلام 8 توم بولۇپ، 780 دىن ئارتۇق شېئىرنى ئۆز ئىـ ـچىگە ئالىدۇ) 2. «شىخۇنىڭ ئون مەنزىرىسى»، (بۇ توپلامغا ئون تۆت شېئىر كىرگۈزۈلگەن.)

رەسىملىرى: 1. «يەنلىڭدىياۋ راۋىقى» 2. «مېيخۇا گۈلى ۋە تۇمۇچۇق»

**سارابان ئالىن تۆمۈر ئوغلى** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 14 ـ ئەسىر. يۇرتى: سۈلمى (بۈگۈنكى قاراشە ـ ھەر)، كېيىن جىمسارغا كۆچكەن.

ئەسىرى: «جىن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ باش مۇھەررىرى (تەھرىرلىگەن ۋاقتى: 1343 ـ يىلى. تەھرىرلەنگەن كە يەنە غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەت ئالىملىرىدىن لىيەنخۇيشەن قايا، بويان شىشىڭ، خەنيۇلۇنتۇ، تاي بۇ ـ قا، يۇجۇە قاتارلىقلار قاتناشقان).

**ساقىي** (ئىسىم، فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

تەرجىمە ئەسىرى: ئابدۇررەھمان جامىينىڭ « يۇسۇف ۋە زۇلەيخا » دېگەن ئەسىرى (تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى: 1755 — 1756)

**ساكياقايا (لىيەن خۇيشەن قايا) ئارغۇن قايا (لىيەن شىشەن) ئوغلى** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 1275 — 1346. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسار

ئەسەرلىرى: «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» (ۋاڭ يى، شۈي بىڭ، چېن يىزىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە يېزىل ـ غان. بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىگە 30 شەجەرە، 32 تەزكىرە، 8 رويخەت ۋە 46 تەرجىمىھال كىرگۈزۈلگەن.)

**سەنجەر بىننى ئىبراھىم كاشغەرىي** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «جامىئۇلھېكايات» (مۇشۇ ناملىق ئەسەرنىڭ بىر خىل ۋارىيانتى، يېزىلغان ۋاقتى 1839 ـ يىل ـ لىرى)

**سەئىدىددىن كاشغەرىي** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1377 — 1456، يۇرتى: قەشقەر

ئەسەرلىرى: 1. «مۇنىيەتۇلمۇسەللا ۋە غەنىيەتۇلمۇفتەدا» 2. «كەلىمەئى خوجا بەھائىددىن» 3. «رىسالەئى لەتايىف» 4. «ۋۇجۇدنامە»

**سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «تىببى شىفا»

**سەئىد مۇھەممەد قاشى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1822 — 1890. يۇرتى: غۇلجا — قاش
ئەسىرى: «شەرھى شىكەستەئى نامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1882)

**سەئىد ھۇسەيىنخان بىننى سەئىد مەزھەر قۇتبىددىن شاھ** ئەدەبىي لەقىمى: تەجەللىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1850/1849 — 1856 ~1930 — 1925. يۇرتى: قەشقەر — قاغىلىق
ئەسىرى: 1. «بەرقى تەجەللىي ۋە سەبقى مۇجەللىي» 2. «دىۋانى تەجەللىي»

**سەييادىي** (ئىسىم ـ فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى، يۇرتى مەلۇم ئەمەس.
ئەسىرى: «تاھىر ۋە زۆھرا»

**سۇلتان ئەلى** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 17 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن
ئەسىرى: «دەستۇرىلئىلاج»

**سۇپۇرگى سانجارى** ئەدەبىي لەقىمى: غەرىبىي، ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن — گۇما (سانجۇ)
ئەسەرلىرى: 1. «غەزەللەر» 2. «نەفاھاتۇلئۇنس» (تەرجىمە ئەسەر)

**شاھ مۇھەممەد ئىمىن بىننى خوجا نىزامۇددىن** ئەدەبىي لەقىمى: شاھى ھىجران، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن.
تەرجىمە ئەسىرى: «شاھنامەئى تۈركىي» 1 ـ توم. (تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى 1678 ـ يىلى)

**شەرىف بىننى جەمالىددىن** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 1666 — 1758، يۇرتى: كۇچا
ئەسىرى: «جىنسىيەت ھەققىدە تەلىمات ۋە داۋاسى»

**شىڭقۇ شەلى ~ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 10 ـ ئەسىر. يۇرتى: بەشبالىق — جىمسار
ئەسەرلىرى: 1. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (خەنزۇچىدىن تەرجىمە) 2. «ئالتۇن يارۇق» (خەنزۇچىدىن تەرجىمە)

**غەرىب** ئەدەبىي لەقىمى غەرىب (ئىسىم، فامىلىسى مەلۇم ئەمەس)، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1700/1699— ؟. يۇرتى: خوتەن ئەسىرى: «غەزەللەر دىۋانى» (يېزىلغان ۋاقتى: 1757 — 1758)

**غەرىب خەستە** (ئىسىم، فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن
ئەسەرلىرى: 1. «ھەمزەنامە» 2. «داستانى مۇھەممەد يەئقۇب بەگ»

**غەيرەتىي** ئەدەبىي لەقىمى غەيرەتىي (ئىسىم ـ فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن
ئەسىرى: «مۇخەممەس» (48 كۇبلېت)

**قارۇناداس** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: ؟ —1311. يۇرتى مەلۇم ئەمەس.
تەرجىمە ئەسىرى: «ئەنەتكەك، تۆبۆت سۇترا شاستىرلىرى» (سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان)

**قاسىم بېگىم** (ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس) تەرجىمان، ياشىغان دەۋرى، يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

تەرجىمە ئەسىرى: «چەھار دەرۋىش» (پارسچىدىن تەرجىمە)

**قاسىمىي** ئەدىب، تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن ــ گۇما (كىلياڭ)

ئەسەرلىرى: 1. «تەزكىرەئى ئارسلانخان» (سۇتۇق بۇغراخان توغرىسىدىكى داستان) 2. «غەزەللەر»

**قەلەندەر** (ئىسىم ـ فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1747 — ؟. يۇرتى: ئافغانىستان قۇندۇز ــ خوتەن

ئەسىرى: «دىۋانى قەلەندەر»

**قۇتبىددىن شاھ** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 1760 — 1866. يۇرتى: يەركەن ــ قاغىلىق

ئەسەرلىرى: 1. «رىسالەئى ئېرشادۇسسالىكىن» 2. «ساقىينامە» 3. «سەپەرنامە» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن) 4. «ھىببىل بەھر» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن)

**قۇسقۇي** ئوزۇقلۇقشۇناس. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان (ئېنىق يىلى مەلۇم ئەمەس). يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسەرلىرى: «تاماق تەييارلاش دەستۇرى» (بىرىنچى تومى ئوزۇقلۇق تاماقلار ۋە ئوزۇقلۇقلارنى، ئىككىنچى تومى ئوزۇقلۇق خام ئەشيالىرىنى، ئۈچىنچى تومى ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە ۋە ھەر خىل گۆشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

**قىدىرخان ياركەندىي** ئەدىب، مۇزىكاشۇناس. ياشىغان دەرى: تەخمىنەن 1571 — 1572 — ؟.

ئەمگىكى: 1. «ھەشتار» ناملىق چالغۇ ئەسۋابىنى ئىجاد قىلغان. 2. «ۋىسال» ناملىق بىر كۈينى ئىجاد قىلغان.

**كەيلە باقشى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 14 ـ ئەسىر. يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسەرلىرى: 1. «يۈەنفۇ كۇتۇپخانام» 2. «ماۋشەن تېغىدا يازغان شېئىرىمنى ئەسلەپ ئوقۇش ھەم ئۇنىڭغا يازغان مۇقەددىمەم» 3. «شىكى بۇلىقى» 4. «جۈەنچىڭ شىپاگى» 5. «جىشۇي ئۇستازىمغا بېغىشلىما»

**كۈن سۈيۈنچ قايا (گۈەن يۈنشى قايا) بىننى كۈنچىق بىننى ئالى قايا** ئەدەبىي لەقىمى: سۈەن جەي، قومۇش گۈللۈك تويىن. ئەدىب، پۇتۇكچى، سەنئەتكار. ياشىغان دەۋرى: 1286 — 1324. يۇرتى: بەشبالىق ــ جىمسار

ئەسەرلىرى:.

I كۈي ۋە شېئىرىي تېكىستلەر:

1. «ئوردا ئالدىدىكى شادلىق» كۈيىگە يېزىلغان تېكىست «نامسىز» 2. «قوش كۈي» كۈيىگە يېزىلغان تېكىست «ئوردا ئالدىدىكى شادلىق» 3. «چىڭ جاڭدىن باشلاپ» كۈيىگە يېزىلغان تېكىست «مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە»

II داستانلىرى:

1. «قومۇش گۈللۈك يوتقان» 2. «ھىجران» 3. «تاغ ۋە كېمە»

ئاپتورنىڭ داستانلىرى شۇي زەيسى (ئەدەبىي لەقىمى: تيەن جەي) ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە «سۈەن،

تيەن داستانلىرى» نامىدا نەشر قىلىنغان.

Ⅲ سەھنە ئەسەرلىرى:

1. «شىڭجى يۈڭخەن» 2. «مۇھەببەت خاتىرىسى» 3. «شىتى لى» (زاجۇي تىياتىرى)

Ⅳ مۇزىكا:

1. «خەيىەنچاڭ» 2. «ئىنىسىنى ئۇزىتىش»

Ⅴ ھۆسنخەتلىرى:

1. «جۇڭجۇ» ناملىق ھۆسنخەت ھازىرغىچە گۇگۇڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

Ⅵ. رەسىملىرى:

1. «لى بەيىنىڭ ئۆتۈك سېلىشى» 2. «تاغ جىلغىسىدا كېمىنى ياندۇرۇش» 3. «يېشىل قارىغاي» 4. «ساكيا-مۇنىنىڭ راھەت ـ پاراغەت دۇنياسىدىكى كۆرۈنۈشى» 5. «كۆسەن راھىبلىرى»

Ⅶ نەسرىي ئەسەرلىرى:

1. «باھاردىكى قار مۇقەددىمىسى» 2. «بۇگۇنكى داستانلارنىڭ مۇقەددىمىسى» 3. « «ۋاپادارلىق دەستۇرىنى بېۋاسىتە چۈشەندۈرۈش، كە مۇقەددىمە»

**گاۋگوڭون** ئەدەبىي لەقىمى: يەنجىڭ. ئەدىب، رەسسام. ياشىغان دەۋرى: 1248 — 1310. يۇرتى: ئەسلى غەربىي دىيار بولۇپ، كېيىن داتۇڭ شەھىرىدە تۇرغان، ئاندىن كېيىن بېيجىڭ فاڭشەن ناھىيەسىدە ياشىغان.

ئەسەرلىرى:

Ⅰ شېئىرلار

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن «فاڭشەن شېئىرلار توپلىمى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى بار. بۇنىڭ ئىچىگە «تەرىقەتخانىغا مۇقەددىمە»، «ۋۇشىشەن تېغى خاتىرىسى»، «گۇياڭدىن ئۆتكەندە»، «شىنخۇادىن ئۆتكەندە»، «جىڭ-كودىن ئۆتكەندە»، «دوستۇمغا ئامانەت»، «يۈياڭ راۋىقى»، «گۇەن خانىمنىڭ بامبۇك ساتمىسى سۈرىتىگە بېغىش-لىما»، «قەھرىمانلارغا تەقدىم» قاتارلىق شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن.

Ⅱ رەسىملەر

1. «يامغۇردىكى تاغ سۈرىتى» 2. «چېۋشەن تېغىدا گۇگۇم» 3. «قىيا تاش ۋە بامبۇك» (قارا سىياھ بىلەن سىزىلغان) (بۇ رەسىملەر بېيجىڭ گۇگۇڭ مۇزېيىدا ۋە تەيبېي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.)

**گۇلجېملخان** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 1840 — 1910. يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «شىفائى خاتون» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن)

**لۇمىنشەن (تۆمۈر تۇۋرۇك) بىننى قارۇناداس** ئاگرانوم، مۇزىكانت. ياشىغان دەۋرى: 14- ئەسىر. يۇرتى: تۇر-پان

ئەسەرلىرى: 1. «دېھقانچىلىق ۋە پىلىچىلىك ئاساسلىرى» (يېزىلغان ۋاقتى: تەخمىنەن 1314 - يىللىرى) 2. «چىڭفۇ» (سەككىز كۇي)

مەجلىسىي (ئىسىم ـ فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى، يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسىرى: «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجەمال»

**مەھمۇد بىننى ئەھمەد شەيخ ئارىپ** ئەدەبىي لەقىمى: ئاسىي، تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 19 — 20 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر — ئاتۇش

ئەسەرلىرى: 1. «تارىخنامەئى يەئقۇب بەگ» (يېزىلغان ۋاقتى: 1898) 2. «زەفەرنامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1860)

**مەھمۇد بىننى فازىل چۇراس** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1626 — 1700. يۇرتى: يەركەن

ئەسەرلىرى: 1. «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (يېزىلغان ۋاقتى: 1672 ـ 1676) 2. «تارىخى رەشىدىي» داۋامى (يېزىلغان ۋاقتى: 1699) 3. «رەفىقۇتتالىبىن»

**مەھمۇد بىننى هۈسەيىن بىننى مۇھەممەد كاشغەرىي** تىلشۇناس. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1008 — 1105. يۇرتى: قەشقەر — ئوپال (ئازىق كەنتى)

ئەسەرلىرى: 1. «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىتتۈرك» 2. «كىتابۇ جەۋاھىرۇننەھۋ فى لۇغاتىتتۈرك» (بۇ ئەسەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن)

**مەۋلانا رەھىم** ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن

ئەسەرلىرى: 1. «سىيەر تۈركىي» (پارسچىدىن تەرجىمە) 2. «مۇھەببەتنامە» (يۇسۇف ۋە زۇلەيخا داستانى)

**مەۋلانا سەيف ئەللامە ياركەندىي** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن

ئەسىرى: «مۇفەررىھۇلقۇلۇب»

**مەۋلانا مۇھەممەد هاكىم بىننى مەۋلانا مۇھەممەد هاشىم ياركەندىي** تېۋىپ، ياشىغان دەۋرى مەلۇم ئەمەس. يۇرتى: يەركەن

ئەسەرلىرى: 1. «كەشفۇلئەسرار» 2. «زۇبدەتۇلئەنۋار»

**مەۋلانا هەيدەر** ئەدەبىي لەقىمى: سەككاكىي. ياشىغان دەۋرى: 15 ـ ئەسىر. يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسىرى: «دىۋانى سەككاكىي»

**مەۋلانا يۇسۇف** ئەدەبىي لەقىمى: ئەمىرىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 16 — 15 ـ ئەسىر. يۇرتى مەلۇم ئەمەس

ئەسەرلىرى: 1. «دەھنامە» 2. «بەڭ ۋە چاغىر مۇنازىرىسى»

**موللا ئابدۇسسەمەد كاشغەرىي** پوتوكچى، ياشىغان دەۋرى مەلۇم ئەمەس. يۇرتى: قەشقەر

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (كۆچۈرگەن ۋاقتى: 1857 ـ يىل 21 ـ ماي)

**موللا ئارىپ خوتەنى** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 1564 — 1655. يۇرتى: خوتەن

ئەسەرلىرى: 1. «گۈلدەستەئى ئافىيەت» (پارسچە) 2. «دەستۇرىلئىلاج» (ئۇيغۇرچە) 3. «مۇجەررىباتى ئارىف» (پارسچە» 4. «ئەسرارۇلنەبزى ۋەلبەۋلى ۋەلبىراز» (ئەرەبچە) 5. «مۇئالىجاتىل فۇقرائى ۋە ئەھلى سەھرايى» (پارسچە) 6. «رىسالەئى فەسەد ۋەھجامەت» (پارسچە)

**موللا ئەلەم شەھيارى** پوتوكچى. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: ئاقسۇ — شايار.

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «گۈل ۋە بۇلبۇل» (سالاھىينىڭ ئەسىرى، كۆچۈرگەن ۋاقتى: 1740)

**موللا ئەلى بىننى ئىمىن** ئەدەبىي لەقىمى: قۇشچى، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1835 — 1902. يۇرتى: ئاقسۇ — شايار

ئەسەرلىرى: 1. «دىۋانى ئەلى» 2. «بازنامە»

**موللا ئەھمەد تەبەتىي** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1150 - يىللار. يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «تارىخى مۇكەما»

**موللا ئەيد بىننى موللا غەرىب** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى ۋە يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسىرى: «جامىئۇلھىكمەت»

**موللا ئەيساخان بىننى موللا تاشمۇھەممەد كاشغەرىي** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 19 - ئەسىر. يۇرتى قەشقەر.

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن» (كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى: 1890/1889)

**موللا باقى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1842 — 1917. يۇرتى: كۇچا

ئەسىرى: «غەزەللەر»

**موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇف** ئەدەبىي لەقىمى: نازىمىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1824/1823 — 1900/1899، يۇرتى: غۇلجا

ئەسەرلىرى: 1. «غەزەلىيات» (يېزىلغان ۋاقتى: 1851) 2. «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن» ( يېزىلغان ۋاقتى: 1876) 3. «چاڭموزا يۇسۇفخان» (يېزىلغان ۋاقتى: 1881) 4. «نوزۇگۇم» ( يېزىلغان ۋاقتى: 1882 )

**موللا توختى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 19 - ئەسىر. يۇرتى: ئاقسۇ

ئەسىرى: «ئەرزىيەت» (غەزەللەر توپلىمى)

**موللا توختىنىياز بىننى موللا مۇھەممەد تۆمۈر** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 - ئەسىر. يۇرتى: يەر- كەن

ئەسىرى: «ھېكاياتى ھۇرلىقا»

**موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر** ئەدەبىي لەقىمى: ناقىس، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1843 — 1922. يۇرتى: قەشقەر — يېڭىسار

ئەسەرلىرى: 1. «دىۋانى ناقىس» 2. «بەيس ھېكىمبەگ» 3. «مەۋجۇدۇلقۇلۇب» 4. «نەسىھەتنامە» 5. «گۈلزا- رى بىنىش» 6. «قۇتلۇقنامە»

**موللا سالىھ** ئەدەبىي لەقىمى: سالىھىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1743/1742— ؟. يۇرتى: خوتەن — قارد- قاش

ئەسىرى: «غەزەللەر»

**موللا سالىھ كاتىب** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 - ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر — يېڭىسار

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «ئاسارى ئىمامىيە» (كەلىلە ۋە دەمنە)، (كۆچۈرگەن ۋاقتى: 1825)

**موللا سەلىم بىننى موللا ئابۇلئەلىم ئاقسۇۋى** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى 18 - ئەسىر. يۇرتى: ئاقسۇ

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «زۇبدەتۇلمەسائىل مىن خۇلاسەتۇررەسائىل» (كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى: 1673/1672)

**موللا سەئدۇللا** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1840 — 1913. يۇرتى: قەشقەر — يېڭىسار

ئەسىرى: «دىۋانى موللا سەئدۇللا»

**موللا سۇلتان بىننى موللا قوزى** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن — قارىقاش

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «تەرجىمەئى شاھنامە» (كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى: 1838/1837)

**موللا سىددىق** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى ۋە يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

تەرجىمە قىلغان ئەسىرى: «تەرجىمەئى روۋزەتۇلۋائىزىن»

**موللا سىددىق ياركەندى** ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە. يۇرتى: يەركەن

ئەسەرلىرى: «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ ~ نەسرى خەمسە» (ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنىڭ نەسرلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى. ۋاقتى: 1813 ـ يىل)

تەرجىمە ئەسىرى: «چەھار دەرۋىش» (خىسراۋ دېھلەۋىينىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى)

**موللا شاكىر بىننى موللا تاھىر كارۇك** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1805 — 1870. يۇرتى: ئاقسۇ — ئۇچتۇرپان

ئەسىرى: «زەفەرنامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1866)

**موللا فازىل خامۇش ئاخۇن ياركەندىي** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن

تەرجىمە ئەسىرى: «شامنامەئى تۈركىي» 2 ـ توم (تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى: 1780)

**موللا فەخرىددىن ئىمام بىننى موللا مۇھەممەد يۈسۈف** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: غۇلجا

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «ئاسارى ئىمامىيە» (كەلىلە ۋە دەمنە، كۆچۈرگەن ۋاقتى: 1877)

**موللا قۇتلۇق** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى مەلۇم ئەمەس، يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «ئارسلانخان تارىخى»

**موللا قۇربان** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن — چىرا (گۇلاخما)

ئەسىرى: 1. «داستانى ئىمامى جەئفەرىي سادىق» (يېزىلغان ۋاقتى: 1871/1870) 2. «مەسنەۋى ۋە مۇخەممەسلەر» (يېزىلغان ۋاقتى: 1854)

**موللا مەھمۇد قارى بىننى موللا مۇھەممەد شەمسىددىن** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1862 — 1910. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «دىۋانى قارى»

**موللا مۇسا سايرامى ئەيسا خوجا ئوغلى** تارىخشۇناس، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1836 — 1917. يۇرتى: ئاقسۇ — باي (سايرام)

ئەسەرلىرى: 1. «تەزكىرە تۇلئەۋلىيا» (يېزىلغان ۋاقتى: 1885) 2. «دەربەيانى ئەسھابۇلكەئف» (يېزىلغان ۋاقتى: 1898) 3. «تارىخى ئەمنىيە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1904/1903) 4. «قەسىدەئى سىددىق» (يېزىلغان

ۋاقتى: 1903) 5. «غەزەلىيات» (يېزىلغان ۋاقتى: 1907) 6. «تارىخى ھەمىدىيە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1908) 7. «سەلامنامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1916) 8. «دىۋانى مەسنەۋى» 9. «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» 10. «فەرھاد ۋە شەرىن»

**موللا مۇھەممەد ئابدۇلئەلىم بىننى ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: لۇكچۇن — ئېرەن قابۇرغا

ئەسىرى: «ئىسلامنامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1767/1768)

**موللا مۇھەممەد بىننى سەئىد نىياز** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1843 ـ 1931. يۇرتى: لۇكچۇن

تەرجىمە ئەسىرى: «مەلۇماتى ئافاق» (ئوبۇلھەسەن ماراۋىينىڭ پارسچە يېزىلغان شۇ ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)

**موللا مۇھەممەد بىننى ھەسەن مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: ئاقسۇ

ئەسىرى: «ئەجايىبۇلمەخلۇقات» (بۇ ئەسەرنى 1835 ـ يىلى ئاقسۇدا مىرزا ئەھمەد ۋاڭ نامىغا ئاتاپ تەرجىمە قىلغان.)

**موللا مۇھەممەد تۆمۈر بىننى ئۆمەر نۇر بىننى موللا توختىنىياز قومۇلى** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 19 — 20 ـ ئەسىرلەر.

كۆچۈرگەن ئەسەرلىرى: 1. «تارىخى ئەمنىيە» (كۆچۈرگەن ۋاقتى: 1910) 2. «ھېكاياتى ھۆرلىقا» 3. «دۇررۇننەجات»

**موللا مۇھەممەد تۆمۈر ياركەندىي** ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 17 — 18 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: يەركەن

تەرجىمە ئەسىرى: 1. «ئاسارى ئىمامىيە» ( «كەلىلە ۋەدەمنە» نىڭ تەرجىمىسى) 2. (يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» (پارسچىدىن تەرجىمە) 3. «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» (پارسچىدىن تەرجىمە)

**موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي** ئەدەبىي لەقىمى: سادىقىي، تارىخشۇناس، ئەخلاقشۇناس، ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 1725/1726 — 1849. يۇرتى: قەشقەر

ئەسەرلىرى: 1. «تەزكىرەئى ئەزىزان» (يېزىلغان ۋاقتى: 1768/1769) 2. «تەزكىرەئى خاجەگان» 3. «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەئف» 4. «زۇبدەتۇلمەسائىل ۋە ئەقائىد» (يېزىلغان ۋاقتى: 1840 ~ 1844). 5. «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (يېزىلغان ۋاقتى: 1843 — 1846) 6. «تارىخى رەشىدىي» (پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى: 1840 — 1848) 7. «ئادابۇسسالىھىن» 8. «قۇرئان تەفسىرى» 9. «قىياپەتۇلبەشەر» 10. «رىسالەئى كەسىبدار» 11. «غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر»

**موللا مۇھەممەد نىيازى** ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر — يېڭىسار (قوناساق)

تەرجىمە ئەسىرى: «داستانى مەنسۇر» ( پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ۋاقتى: 1855 )

**موللا مىرسالىھ كاشغەرىي** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى مەلۇم ئەمەس. يۇرتى: قەشقەر

كۆچۈرگەن ئەسىرى: يازغۇچىسى تېخى مەلۇم بولمىغان « قەشقەر تارىخى » ( « چىڭگىزنامە » نامىدا ئېلان قىلىنغان )

**موللا نىياز خوتەنى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1778/1777 — ؟. يۇرتى: خوتەن — چىرىيە

ئەسىرى: 1. «تەزكىرەئى تۆرت ئىمام زەبىهۇللا» (نەسىردىن نەزمىيلەشتۈرۈلگەن، ۋاقتى: 1798/1797) 2. «ئەرزنامە» 3. «غەزەللەر»

**موللا هاجى** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «تەزكىرەئى بۇغراخان» (يېزىلغان ۋاقتى: 1829\1830)

**موللا ھەيدەر** ئەدەبىي لەقىمى: مىسكىن، ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: 1. «رەۋزەتۇششۇھەدا» (داستان، يېزىلغان ۋاقتى: 1790) 2. «غەزەللەر» 3. «مەلىكە كىتابى؟»

**موللا ئىبراھىم** ئەدەبىي لەقىمى: تاشلان، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: ئاقسۇ — ئۇچتۇرپان

ئەسىرى: «سىلسىلەتۇززەھەب»

**موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا** ئەدەبىي لەقىمى: مۇجىزىي، تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر، يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (يېزىلغان ۋاقتى: 1854\1855)

**موللا ئىلمۇددىن بىننى موللا مۇھەممەد كاشغەرىي** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: قەشقەر

كۆچۈرگەن ئەسىرى: نەۋايىنىڭ «خەمسە» سى، (كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى: 1830 — 1831).

**موللا يۇنۇس بىننى موللا يۇسۇف ياركەندىي** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: يەر ـ كەن

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «مۇھەببەتنامە» (بۇ ئەسەر موللا رەھىم تەرىپىدىن ئابدۇررەھمان جامىينىڭ «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» دېگەن ئەسىرىگە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان. ۋاقتى: 1807)

**موللا يۇسۇف ياركەندى** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن

ئەسىرى: «تەرىقۇلئىلاج»

**مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسەرلىرى: 1. «دىۋانى سالاھىي» 2. «گۈل ۋە بۇلبۇل»

**مۇھەممەد ئەئلەم** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 19 — 20 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «تارىخى كاشغەر — تەزكىرەئى هاجى پادىشاھ راشىددىن خان ۋە يەئقۇب بەگ» (يېزىلغان ۋاقتى: 1894)

**مۇھەممەد ئەمىن بىننى خوجامقۇلى** ئەدەبىي لەقىمى: ھىرقەتىي، گۇمنام، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن

1634 — 1724. يۇرتى: قەشقەر — تازغۇن

ئەسەرلىرى: 1. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» (يېزىلغان ۋاقتى: 1670) 2. «غەزەللەر دىۋانى»

**مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا** ئەدەبىي لەقىمى: خەراباتى، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1638 — 1730. يۇرتى: ئاقسۇ — چوغتال

ئەسەرلىرى: 1. «نەسىھەتنامە» 2. «كۇللىيات مەسنەۋى خەراباتى»

**مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇم** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: ئاقسۇ

تەرجىمە ئەسىرى: «ئەلىف لەيلى ۋە لەيلە — مىڭبىر كېچە» (ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە)

**مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى كاشغەرىي** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: ? — 1083.

ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

**مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: خوتەن — قا ـ رىقاش

ئەسىرى: «تەزكىرەتۇررەشاد» (يېزىلغان ۋاقتى: 1893)

**مۇھەممەد دۆلەت بىننى خوجەيار شەھيارى** ئەدەبىي لەقىمى: غەرىب، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى مەلۇم ئەمەس. يۇرتى: ئاقسۇ — شايار

ئەسىرى: «ئىشتىياقنامە»

**مۇھەممەد رەسۇل** ئەدەبىي لەقىمى: شەۋقىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1853 — ؟. يۇرتى: خوتەن — گۇما

ئەسىرى: «دىۋانى شەۋقىي»

**مۇھەممەد رەھىم** ئەدەبىي لەقىمى: مىسكىن، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى ۋە يۇرتى تېخى مەلۇم ئەمەس. تەر ـ جىمە ئەسىرى: «ئەئارىجۇننەبۇۋۋە»

**مۇھەممەد رەھىم بىننى شاھ بوۋا** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: ? — 1856. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «مەنبەئى قۇۋۋىيە» (ئۇيغۇرچە)

**مۇھەممەد سادىق بىننى مۇھەممەد سالىھ كاشغەرىي** پۈتۈكچى. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇر ـ تى: قەشقەر

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «نەۋايى تەرمە دىۋانى»

**مۇھەممەد سادىق يېڭىسارى** تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر — يېڭىسار. تەرجىمە ئەسىرى: «تەرجىمائى مەجۇئەتولمۇھەققەقىن» (تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى: 1697/1696)

**مۇھەممەد سالىھ ياركەندى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن ئەسىرى: «ئەشئارى دەرنەئىت ھەزرەتى خان خوجام پادىشاھ»

**مۇھەممەد سائىم بىننى سوفى ئاللايارى** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسىرى: «بەھرۇلئەنساب»

**مۇھەممەد سىددىق** ئەدەبىي لەقىمى: زەلىلىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1680/1676 — 1743/

1745. يۇرتى: يەركەن

ئەسەرلىرى: 1. «دىۋانى زەلىلىي» 2. «سەپەرنامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1719/1718) 3. «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» (يېزىلغان ۋاقتى: 1743/1742 — 1745/1744) 4. «تەزكىرەئى چىھىلتەن»

**مۇھەممەد سىددىق** ئەدەبىي لەقىمى: رەشىدىي، ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 1710 — ؟. يۇرتى. خوتەن

ئەسەرلىرى: 1. «سىددىق نامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1787/1786) 2. «تەزكىرەتۇلئەۋلىيا»

**مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇربەگ** ئەدەبىي لەقىمى: نىيازىي، ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى. ?— 1854/1853 يۇرتى: يەركەن

ئەسەرلىرى: 1. «ئەمىر ئەبامۇسلىم» (پارسچىدىن نەزمىي تەرجىمە، ۋاقتى: 1792/1791) 2. «تارىخىي رەشىدىي» (پارسچىدىن تەرجىمە) 3. «قىسەسۇلغەرايىب» 4. «مۇناقىبۇتتاھىرىن» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن) 5. «رەبىئۇلمەساكىن» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن) 6. «ئەربەئىن» (دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن)

**مۇھەممەد ئىۋەز بىننى مەۋلانا سەدرىددىن قاراقاشى** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن — قارىقاش

ئەسەرلىرى: 1. «مەخدۇمى ئەئزەم» 2. «مەجمۇئەتۇلئەھكام» (بۇ ئەسەر خوتەنلىك چورۇق خوجا ناملىق پۇتۇكچى تەرىپىدىن مىلادىيە 1820/1819 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن)

**مۇھەممەد ئىبراھىم** ئەدەبىي لەقىمى: گەدا، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن

تەرجىمە ئەسىرى: «تەزكىرەئى بۇغراخان» (پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ۋاقتى: 1770/1769)

**مىرخالىددىن بىننى مەۋلانا قازى شاھ كىچىك ياركەندى** تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: يەركەن

ئەسىرى: «ھىدايەتنامە» (ئافاق خوجا تەزكىرىسى، پارسچە)

**مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان بىننى مىرزامۇھەممەد ھۇسەيىن** ئەدەبىي لەقىمى: ئاياز، ئەدىب. تارىخشۇناس. ياشىغان دەۋرى: 1499 — 1551. يۇرتى: يەركەن

1. «تارىخى رەشىدىي» (پارسچە يېزىلغان ۋاقتى: 1542/1541 .2. «جەھاننامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1533/1532) 3. «مەھمۇدنامە»

**مىرفازىل بىننى موللا كىچىك** ئەدەبىي لەقىمى: ساقىي، ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: 1653— ؟. يۇرتى: يەركەن

ئەسەرلىرى: 1. «تارىخى خاۋەندىشاھ» (پارسچە «رەۋزەتۇسسەفا» نىڭ تەرجىمىسى) 2. «لەيلا ۋە مەجنۇن» (يېزىلغان ۋاقتى: 1706/1705)

**مىرھەسەن** ئەدەبىي لەقىمى: سەدايى، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1758/1757 — ؟ يۇرتى: قەشقەر — بۇلاقبېشى

ئەسىرى: «دىۋانى سەدايى» (يېزىلغان ۋاقتى: 1807/1806)

**ناسىرىددىن بىننى بۇرھانىددىن** ئەدەبىي لەقىمى: رابغۇزى، ياشىغان دەۋرى: 13 — 14 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: رەبات ئوغۇز

ئەسىرى: «قىسەسۇلئەنبىيا»

**نەۋبەتىي** (ئىسىم ـ فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1690 — 1750. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «دىۋانى نەۋبەتىي»

**نورۇز ئاخۇن** ئەدەبىي لەقىمى: زىيائىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسەرلىرى: 1. «ۋامىق ۋە ئۇزرا» 2. «مەسئۇد ۋە دىلارا» 3. «چەھار دەرۋىش» (ئابدۇررەھىم نىزارىي بىلەن بىرلىكتە يېزىلغان) 4. «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام» (يېزىلغان ۋاقتى: 1843) 5. «مۇشۇك ۋە چاشقان» 6. «ھەفت داستان»

**ھاجى زەينۇلئەتتار** تېۋىپ، ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «ئىختىياراتى بەدىئىي»

**ھاجى يۇسۇپ بىننى موللا ئوشۇر بىننى قۇربان سوفى بىننى سەفەر باي ~ دەۋلەت سوفى.** ئەدەبىي لەقىمى: مۇغەننىي، تارىخشۇناس، ئەدىب، پوتۇكچى. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1836 — 1914. يۇرتى: قەشقەر — تاشمىلىق

ئەسەرلىرى: 1. «جامىئۇلھېكايات» (مۇشۇ نامىلىق ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى ۋارىيانتى، يېزىلغان ۋاقتى: 1906/1907) 2. «جامىئۇتتەۋارىخ» (يېزىلغان ۋاقتى: 1908)

كۆچۈرگەن ئەسىرى: «تارىخى رەشىدىي تۈركىي» (كۆچۈرگەن ۋاقتى: 1904)

**ھەيرەتىي** (ئىسىم، فامىلىسى مەلۇم ئەمەس) ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى مەلۇم ئەمەس

ئەسەرلىرى: 1. «ئەزا تارتماقنىڭ بەيانى» 2. «دىۋانى ھەيرەتىي»

**ئوسمان بەگ ۋە مۇراتبەگ (ئاكا ـ ئۇكىلار)**، تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «تەجرىباتى تىببىيە»

**ئوشۇر ئاخۇن بىننى ئىسمائىل بىننى مۇھەممەد** ئەدەبىي لەقىمى: غەربىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «ئەمىرى ئالىي» (يېزىلغان ۋاقتى: 1863/1864)

**ئۇبەيدۇللا** ئەدەبىي لەقىمى: لۇتفىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 1366 — 1465. يۇرتى مەلۇم ئەمەس، ھىراتتا ۋاپات بولغان.

ئەسەرلىرى: 1. «دىۋانى لۇتفىي» 2. «گۇل ۋە نەۋرۇز» (داستان، يېزىلغان ۋاقتى: 1411) 3. «زەفەرنامە» (تەرجىمە ئەسەر، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن)

**ئۆمەرباقى ياركەندىي** ئەدىب، تەرجىمان. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1730 — ؟. يۇرتى: يەركەن

تەرجىمە ئەسەرلىرى: 1. «فەرھاد ۋە شىرىن» 2. «لەيلى ۋە مەجنۇن» (نەۋايىنىڭ شۇ نامىلىق داستانلىرىنىڭ

نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى. ۋاقتى: 1792)

**ئىبراھىم** ئەدەبىي لەقىمى: مەشھۇرىي، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: يەركەن

ئەسىرى: «دىۋانى مەشھۇرىي»

**ئىبراھىم بىننى يۇسۇف خوتەنىي** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 — 19 ـ ئەسىرلەر. يۇرتى: خوتەن

ئەسىرى: «مەنتىقۇتتەير تۈركىي» (41 باب، 1138 مىسرا، مەسنەۋى)

**ئىسمائىل** ئەدەبىي لەقىمى: مەھزۇن، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 18 ـ ئەسىر. يۇرتى: خوتەن — ئىلچى

ئەسىرى: «دىۋانى مەھزۇن»

**ئىسمائىل بەگ** ئەدەبىي لەقىمى: بىنىشان، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: 19 ـ ئەسىر. يۇرتى: مەلۇم ئەمەس

ئەسىرى: 1. «پەندنامە» (يېزىلغان ۋاقتى: 1842) 2. «دىۋانى بىنىشان»

**ئىمادۇددىن كاشغەرىي** تېۋىپ. ياشىغان دەۋرى: 10 ـ ئەسىر. يۇرتى: قەشقەر

ئەسەرلىرى: 1. «شەرھى قانۇن» (ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» دېگەن ئەسىرىگە يېزىلغان شەرھ) 2. «رىسالە ـ ئى چۆپچىن»

**ئىمىن** ئەدىب. ياشىغان دەۋرى ۋە يۇرتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسىرى: «قىسسەئى بوغراخان» (نەزمىي ئەسەر)

**يۇسۇف خاس ھاجىب** مۇتەپەككۇر، ئەدىب. ياشىغان دەۋرى: تەخمىنەن 1019 — 1085. يۇرتى: بالاساغۇن — قەشقەر

ئەسىرى: «قۇتادغۇبىلىك» (يېزىلغان ۋاقتى: 1069)

# ئاتوم ئېغىرلىقى جەدۋىلى

(ئېلېمېنت بەلگىلىرى لاتىنچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

| ئېلېمېنت بەلگىسى | ئېلېمېنت نامى | ئاتوم ئېغىرلىقى | ئېلېمېنت بەلگىسى | ئېلېمېنت نامى | ئاتوم ئېغىرلىقى |
|---|---|---|---|---|---|
| Ac | ئاكتىنىي | 227.0278 | Mo | مولىبدېن | 95.94(1) |
| Ag | كۈمۈش | 107.8682(2) | N | ئازوت | 14.00674(7) |
| Al | ئاليۇمىن | 26.981539(5) | Na | ناترىي | 22.989786(6) |
| Am | ئامېرىتسىي | [243] | Nb | نىيوبىي | 92.90638(2) |
| Ar | ئارگون | 39.948(1) | Nd | نىيودىم | 144.24(3) |
| As | ئارسېن | 74.92159(2) | Ne | نېئون | 20.1797(6) |
| At | ئاستاتىن | [210] | Ni | نىكېل | 58.6934(2) |
| Au | ئالتۇن | 196.96654(3) | No | نوبېلىي | [259] |
| B | بور | 10.811 | Np | نېپتۇنىي | 237.0482 |
| Ba | بارىي | 137.327(7) | O | ئوكسىگېن | 15.9994(3) |
| Be | بېرىللىي | 9.012181(3) | Os | ئوسمىي | 190.23(3) |
| Bi | بىسمۇت | 208.98037(3) | P | فوسفور | 30.973762(4) |
| Bk | بېركېلىي | [247] | Pa | پىروتاكتىنىي | 231.03588(2) |
| Br | بىروم | 79.904(1) | Pb | قوغۇشۇن | 207.2(1) |
| C | كاربون | 12.011(1) | Pd | پاللادىي | 10642(1) |
| Ca | كالتسىي | 40.078(4) | Pm | پىرومېتىي | [147] |
| Cd | كادمىي | 112.411(8) | Po | پولونىي | [209] |
| Ce | سېرىي | 140.115(4) | Pr | پىرازېئودىم | 140.90765(3) |
| Cf | كالىفورنىي | [251] | Pt | پىلاتىنا | 195.08(1* ) |
| Cl | خىلور | 35.4527(9) | Pu | پىلۇتونىي | [244] |
| Cm | كىيۇرىي | [247] | Ra | رادىي | 226.0254 |
| Co | كوبالت | 58.93320(1) | Rb | رۇبىدىي | 85.4678(3) |
| Cr | خىروم | 51.9961(6) | Re | رېنىي | 186.207 |
| Cs | سېزىي | 132.905443(5) | Rh | رودىي | 102.90550(3) |
| Cu | مىس | 63.546(3) | Rn | رادون | [222] |
| Dy | دىسپىروزىي | 162.50(3) | Ru | رۇتېنىي | 101.07(2) |
| Er | ئېربىي | 167.26(3) | S | گۈڭگۈرت | 32.066(6) |
| Es | ئېينشتېينىي | [252] | Sb | ستىبىي | 121.760(1) |
| Eu | يېۋروپىي | 151.965(9) | Sc | سكاندىي | 44.955910(9) |
| F | فىتور | 18.9984032(9) | Se | سېلېن | 78.96 |
| Fe | تۆمۈر | 55.847(2) | Si | سىلىتسىي | 28.0855(3) |
| Fm | فېرمىي | [257] | Sm | سامارىي | 15036(3) |
| Fr | فىرانسىي | [223] | Sn | قەلەي | 118.710(7) |
| Ga | گاللىي | 69.723(1) | Sr | ئىسترونتسىي | 87.62(1) |
| Gd | گادولىنىي | 157.25(3) | Ta | تانتال | 180.9479(1) |
| Ge | گېرمانىي | 72.61(2) | Tb | تېربىي | 158.92534(3) |
| H | ھىدروگېن | 1.00794(7) | Tc | تېخنېتسىي | [99] |
| He | گېلىي | 4.002602(2) | Te | تېللۇر | 127.60(3) |
| Hf | گافنىي | 178.49(2) | Th | تورىي | 232.0381(1) |
| Hg | سىماب | 200.59 | Ti | تىتان | 47.867(1) |
| Ho | گولمىي | 164.93032(3) | Tl | تاللىي | 204.3833(2) |
| I | يود | 126.90447(3) | Tm | تولىي | 168.93421(3) |
| In | ئىندىي | 114.819 | U | ئۇران | 238.0289(1) |
| Ir | ئىرىدىي | 192.217(3) | V | ۋانادىي | 20.9415(1) |

| ئېلېمېنت | | ئاتوم ئېغىرلىقى | ئېلېمېنت | | ئاتوم ئېغىرلىقى |
|---|---|---|---|---|---|
| بەلگىسى | نامى | | بەلگىسى | نامى | |
| K | كالىي | 39.0983(1) | W | ۋولفرام | 183.84(3) |
| Kr | كرىپتون | 83.80(1) | Xe | كسېنون | 131.29(2) |
| La | لانتان | 138.9055(2) | Y | ئىتترىي | 88.90585(2) |
| Li | لىتىي | 6.941(2) | Yb | ئىتتېربىي | 173.04(3) |
| Lu | لىيۇتېتسىي | 174.967(7) | Zn | سىنك | 65.39(2) |
| Lr | لاۋرېنتسىي | [260] | Zr | سىركونىي | 91.224(2) |
| Md | مېندېلېۋىي | [258] | | | |
| Mg | ماگنىي | 24.3050(6) | | | |
| Mn | مانگان | 54.93805(1) | | | |

**ئەسكەرتىش:**

1. ئاتوم ئېغىرلىقى 1996 ـ يىلىدىكى خەلقئارا ئاتوم ئېغىرلىقى جەدۋىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، $C^{12} = 12$ ئۆلچەم قىلىنغان.

2. ئاتوم ئېغىرلىقى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغانلىرى رادىيوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئىزوتوپلىرىنىڭ ماسسا سانىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئاتوم ئېغىرلىقىنىڭ ئاخىرقى سانىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ئارقىسىدىكى تىرناق ئىچىگە ئەسكەرتىلدى.

4. « * » بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن سانلىق ئاساسلارنى قايتا تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. « ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت » مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006

2. ئا. م. شېرباك: « ئوغۇزنامە ۋە مۇھەببەتنامە »، « شەرق ئەدەبىياتى » نەشرىياتى، موسكۋا، 1959

3. ئا. ۋون. گابايىن: « ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى » (خەنزۇچە)، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر بۆلۈمى نەشرگە تەييارلىغان. 1998

4. ئە. ر. تېنىشىۋ: « ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى لۇغىتى ». « پەن » نەشرىياتى، موسكۋا، 1990

5. ئەلىشىر نەۋايى: « مۇھاكىمە تۇللۇغەتەين »، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988

6. ئەلىشىر نەۋايى: « مىزانۇلئەۋزان»، ئەنقەرە، 1993

7. ئەمىر نەجىپ: « ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت »، « سوۋېت ئىنسكلوپېدىيەسى » نەشرىياتى، موسكۋا، 1968

8. ئەھمەت جەپەر ئوغلى: « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى »، ئىستانبۇل، 1968

9. ئەھمەد يۈكنەكىي: « ئەتەبەتۇلھەقايىق »، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980

10. « بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت »، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1957

11. تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قوللانمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977

12. « تۈركچە سۆزلۈك » ( I ، II توم)، ئەنقەرە، 1998

13. « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ دورا ئۆلچىمى »، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)، 1998

14. « خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە پەن ـ تېخنىكا لۇغىتى »، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ـ قازاق شۆبىسى، 1990

15. « خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە پەن ـ تېخنىكا چوڭ لۇغىتى »، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشـ ـرىياتى، 2002

16. ر. ھوشۇرۇف: « ئۇيغۇر تائاملىرى »، ئالما ـ ئاتا، 1985

17. « رۇسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت »، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2001

18. س. يې. مالوف: « ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى »، « پەن » نەشرىياتى، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1954

19. شەيخ سۇلايمان بۇخارىي: « لۇغەت چاغاتاي ۋە تۈركىي ئوسمانىي »، ئىستانبۇل، ھىجرىيە 1298

20. « شىنجاڭ جۇغپى ئۈسۈملۈك دورىلىرى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1973

21. ش. باراتوف: « ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەسپىي لېكسىكىسى »، قازاقىستان س س س ر، « پەن » نەشرىياتى، ئالما ـ ئاتا، 1975

22. غۇلام غوپۇرىي: « ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986

23. « پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت »، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981

24. « قەدىمكى تۈركىي تىل لۇغىتى »، « پەن » نەشرىياتى، لېنىنگراد، 1969

25. گۇننار ياررىڭ: « ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە دىيالېكت لۇغىتى »، لۇند، 1964

26. ل. ز. بۇداكوف: « تۈرك ـ تاتار تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى »، سانكت پېتېربۇرگ، 1869

27. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « مايترى سىمىت »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988

28. مەھمۇد كاشغەرىي: « دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك » ( تۈركىي تىللار دىۋانى ) ( Ⅰ، Ⅱ، Ⅲ توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ 1984

29. مىرسۇلتان ئوسمانوف: « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى » (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999

30. مىرسۇلتان ئوسمانوف: « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004

31. مىرسۇلتان ئوسمانوف: « ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى »، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989

32. « نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى » (4 توملۇق)، ئۆزبېكىستان س س س ر، « پەن » نەشرىياتى، تاشكەنت، 1983

33. ۋ. ۋ. رادلوف: « تۈركىي تىل دىيالېكتلىرى لۇغىتى » (رۇسچە)، سانكت پېتېربۇرگ، 1893

34. « هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997

35. « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى »، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1997

36. «ئوكيانۇس»، «CEM» نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1983

37. « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » ( قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999

38. « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » (6 توملۇق، كوللېكتىپ نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990ـ1998

39. « ئۇيغۇرچە - رۇسچە لۇغەت »، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، ئالما - ئاتا، 1961

40. ئابلىز ئەمەت: « ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى »، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001

41. « ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »، « رۇس تىلى » نەشرىياتى، موسكۋا، 1981

42. يۇسۇف خاس ھاجىپ: « قۇتادغۇبىلىك » (ئىندېكس)، ئىستانبۇل، 1979

بۇ ئەسەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مائارىپ مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەتلىك تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىقلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ساھەسى بويىچە مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن تەتقىقات تۈرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.
( بۇ تۈرنىڭ تەستىق نومۇرى: MZ115 – 014 )

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى

( ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى )

---

**ئاپتورلىرى:** مىرسۇلتان ئوسمانوف، تاھىر ئابدۇۋەلى، ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان، مەمەتئېلى ئابدۇرەھىم
ئانارگۈل ئابدۇرەھىم، ئەنۋەر ئەخمەت
**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** بەختىيار ساۋۇت، قادىر قاۋۇز، ئەنۋەر قاسىم، شاكىرجان مۇرات
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** ۋاڭ ياڭ
**مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون:** 0991 – 2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/16
**باسما تاۋىقى:** 61.25
**نەشرى:** 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 – 7 – 228 – 12817 – 4
**باھاسى:** 150.00 يۈەن

---